ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كىتاب ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# كىتاب ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئايشەمگۈل ئايۇپ

جۈرئەت نىياز

بېلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

书籍格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—401—5

Ⅰ.书... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言一汇编一世界一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122117 号

丛书名　经典格言系列丛书
本册书名　书籍格言
策　划　穆拉提·伊力
主　编　阿迪力·穆罕默德
编　者　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
阿依夏木古丽·阿尤甫
居来提·尼亚孜
贝丽克孜·穆罕默德
特约编辑　阿米娜·克奇克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　版　新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地　址　830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
发　行　新疆新华书店
印　刷　新疆新博文印刷有限责任公司
开　本　880×1230mm 1/32
印　张　3 印张
字　数　51 千字
版　次　2008 年 8 月第 1 版
印　次　2008 年 8 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978—7—80744—401—5
定　价　9.90 元
(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتىدە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىيىتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

كىتاب —مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئېپى.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۇش» تىن

مەن كۇتۇپخانىغا بارغىنىمدا بەكلا ھەسرەتلىنىمەن؛ ھايات بەكلا قىسقا ئىكەن، مەن كۆز ئالدىمدىكى مول، ئېسىل تائاملاردىن زادىلا تولۇق لەززەت ئالالمايدىكەنمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۇش» تىن

ئۆزۈمنى ئالاھىدە خۇشاللاندۇرىدىغان بىرەر كىتاب ياكى ماقالىنى ئوقۇغىنىمدا — بۇ كىتاب ياكى ماقالىدە بىرەر ئىش تولىمۇ مۇۋاپىق بايان قىلىنغان ياكى بىرەر تەسىرات ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭدا ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان قۇدرەت بولسا ياكى ئۇسلۇب جەھەتتە شادلىق ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، جەزمەن دەرھاللا بېسىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمدىن بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تەقلىدىي ئىشلەپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىمەن. بىرىنچى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ، بۇ ماڭا ئايان؛ ئىككىنچى قېتىم يەنە سىناق قىلىمەن، بۇ قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ، دائىم دېگۇدەك ئۇدا بىرنەچچە قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ؛ ئەمما، ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ، مەن مۇشۇ مەغلۇبىيەتلىك سىناقلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ رىتمى، ئاھاڭداشلىقى، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ماسلىقى ۋە قۇرۇلمىسى

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق جەھەتلەردە مەشىق ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

بىر كىتابنى سۆكۈش (پايدىلىنىش ئۈچۈن) ئۇنى كۈتۈپخانىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا تىزىپ قويغاندىن مىڭ ياخشى.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

ماڭا قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز، سىزگە قانداق ئادەملىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

بىر پارچە ژۇرنالنىڭ ياخشى ماقالىسى بىر قاتار چۈچۈتۈشلەردىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بوشلۇق» تىن

كىتاب ئادەمگە پەقەت سەممىيلىكلا ئەسقاتىدۇ، دېگەن پرىنسىپنى ئۆگىتىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل ھايات» تىن

كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل — پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.

لېف تولستوي

كىتاب ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شوتىسىدۇر.

گوركىي

كىتاب دورىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغاندا،

نادانلىق كېسىلىگە شىپا بولىدۇ.

لىيۇ شياڭ

مەن كىتابقا ئامراق، كىتاب جازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋا-
قىتلىرىمدا ئالدىمدا كەڭ دۇنيا، پايانسىز دېڭىز، چەكسىز ئالەم
تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن.

لىيۇ بەييۈي

كىتاب —پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئوزۇقى.

شېكىسپىر

كىتاب زامانىمىزدىكى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپتۇر.

تۇماس كارلىلې

ھەرخىل ئەخمىقانە قىلىقلار ياخشى كىتابلارنى كۆندە ئو-
قۇشنىڭ تەسىرى بىلەن گويا ئوتقا قاقلانغان مۇزدەك بارا - بارا
ئېرىپ تۈگەيدۇ.

ھيۇگو

كىتاب بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇر-
غان مەنىۋى ۋەسىيىتىدۇر، جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان قېرىنىڭ
ھايات يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشقا قىلغان سەممىي نەسى-
ھىتىدۇر، ئارام ئېلىش ئالدىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئورنىغا كەلگەن قا-
راۋۇلغا بەرگەن بۇيرۇقىدۇر.

گېرتسېن

كىتاب ئوقۇمىغان ئادەم ھەقىقىي تەلىم ئالالمايدۇ. شۇنداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدۇ.

گېرتسېن

ياخشى كىتاب — بىباھا گۆھەر.

بېلىنسكىي

كىتاب دەۋرىمىزنىڭ جېنىدۇر.

بېلىنسكىي

كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب — ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.

لېۋ تولستوي

كىتاب —ياشلارنىڭ ئايرىلماس جان دوستى ۋە ئۇستازى.

گوركىي

ئادەم كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇسا، روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام ۋە باتۇر بولىدۇ.

گوركىي

كىتابنى سۆيۈڭ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى ئازادىلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، ئاجايىپ مۇرەككەپ ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ۋەقەلەرنى چۈشىنىشىڭىزگە دوستانە ياردەم بېرىدۇ؛ باشقىلارنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەشكە ئۆگىتىدۇ؛ دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزگە ۋە قەلبىڭىزگە ئىلھام بېرىدۇ.

گوركىي

بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەم كىتاب ئوقۇمايدىكەن، باشقىلارنى

پەقەت چۈشىنەلمەيدۇ.

گوركىي

كىتابمۇ ئادەمگە ئوخشاش جانلىق نەرسە، ئۇمۇ سۆزلىيەلەيدۇ.
گوركىي

كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت بىزگە تونۇشلۇق بۇ ئاددىي جەريان، ئەمەلىيەتتە كىشى قەلبىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ئەقىل - پاراستى بىلەن بىرلىشىش جەريانىدۇر.

گوركىي

كىتابتىن ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان شەخس، ھېسسىيات، ئىدىيە ۋە پوزىتسىيىلەرنى ئوقۇغىنىمدا، گويا كىتاب ئالدىمدىكى دېرىزىنى چوڭ ئېچىۋېتىپ، ماڭا چۈشىنىكسىز بىر يېڭى دۇنيانى كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

گوركىي

كىتاب شوتىغا ئوخشايدۇ، مەن ھەر بىر بالداق ئۆرلىگىنىمدە، ھايۋاندىن ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈۋاتىمەن، گۈزەل تۇرمۇش ئۇقتىئىنەزىرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىمەن، كىتابقا بولغان ئىشتىياقىم تېخىمۇ ئاشىدۇ.



گوركىي

كىتاب ئوقۇش مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئۈچۈن ھۇزۇردۇر. مەن كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىمەن، بۇ — مېنىڭ قىممەتلىك ئادىتىم.

گوركىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىتاب ئوقۇغان كىشى تولۇق ئادەم بولالايدۇ.

بېكون

كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى توق قىلىدۇ، سۆھبەت ئادەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، يېزىش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش ئادەمنى توغرىلىققا يېتەكلەيدۇ ... تارىخىي ساۋاق ئادەمنى ئەقىللىق قىلىدۇ. شېئىر ئادەمنى چېۋەرلەشتۈرىدۇ، ماتېماتىكا ئادەمنى ئەستايىدىللىققا باشلايدۇ، مۇزىيي ئادەمنى ئېغىر - بېسىق قىلىدۇ، ئېتىكا ئادەمنى سۇرلۇك كۆرسىتىدۇ، لوگىكا بىلەن ئىستىلىستىكا ئادەمنى گەپدان قىلىدۇ.

بېكون

كۇتۇپخانا مېنى دائىم ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىلىممىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، مەن بۇ يەردە ھەر كۈنى بىر - ئىككى سائەت بولىمەن، ئالالماي قالغان ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى شۇ يول بىلەن خېلىلا تولۇقلىۋالدىم.

فرانكلىن

كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان كىشى مەڭگۈ ھەسرەت چەكمەيدۇ.

رومىن روللاند

ۋاقىت بىزگە تەجرىبە بېرىدۇ، كىتاب بىلىم بېرىدۇ.

ئوستروۋىسكى

يېڭى كىتاب گويا پاراخوتقا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزنى تار يەرلەردىن

چەكسىز كەڭ ھايات دېڭىزىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

كېللېر

ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇسىڭىز، نۇرغۇن ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندەك بولىسىز.

گيوتې

ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇش بىر ياخشى دوست تۇتقانغا تەڭ.

زاڭ كېجيا

زۆرۈر ئوزۇقلارنى تېپىپ ئىستېمال قىلالايدىغان ئادەم كۆپ يەيدىغان ئادەمدىن ساغلام بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەقىقىي ئالىملار نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانلار بولماستىن، كېرەكلىك كىتابلارنى ئوقۇغانلاردۇر.

ئاردستىپپو

كىتابنىڭ ياخشىسىنى تاللاش دوستنىڭ ياخشىسىنى تاللاشتىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

كوۋارد

ئۆزگە باب كەلمەيدىغان كىتابنى ئوقۇش كىتاب ئوقۇمىغاندىنمۇ يامان. بىز ھەممىدىن قىممەتلىك، ئۆزىمىزگە ھەممىدىن باب كېلىدىغان زۆرۈر كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.



بېلىنسكي

يامان كىتابمۇ يامان دوستقا ئوخشاش ئۆزۈڭگە زىيان ـ زەخـ

مەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

فىلدىن

كىتابقا ئىشقىنى بەرگەن ئادەمگە قانداقلا بولمىسۇن سادىق دوست، ياخشى ئۇستاز، سۆيۈملۈك ھەمراھ، مۇلايىم نەسىھەتچى كەم بولمايدۇ.

ئىساك بارو

كىتاب ئەقىل ـ پاراسىتىمگە ۋە كۆڭلۈمگە ئىلھام بەخش ئەتتى، سېسىق پاتقاقتىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بەردى. كىتاب بولمىغان بولسا، مەن شۇ ئازگالدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلگەن بولاتتىم. نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغان بولاتتى.

گوركىي

ئۆمرىڭىزنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمىسىڭىز، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىڭ.

گوركىي

ئۆگىنىشتە قانائەتلىنىشكە بولمايدۇ، بۇرۇن چىققان قۇلاق-تىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ؛ مۇز سۇدىن پەيدا بولغان بىلەن سۇدىنمۇ سوغۇق بولىدۇ.

شۇنزى

ئالىيجاناب ئادەم ئۆگىنىشنى جان ئۈزگەندە ئاندىن توختىتىدۇ.

گۆيەنۋۇ

قاشتېشى ياسالمىسا نەپىس ئەسۋاب بولمايدۇ، ئادەم ئوقۇمىسا

دۇنيادىن خەۋەردار بولالمايدۇ.

كۇڭزى

ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشايدۇ؛ ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ئۆگەنگەن بىلىم چۈش ۋاقتىدىكى قۇياشقا ئوخشايدۇ؛ ياشانغاندا ئۆگەنگەن بىلىم شامنىڭ يورۇقىغا ئوخشايدۇ.

ليۇ شياڭ

ئوقۇماي تۇرۇپ بىلىۋالىدىغان، سورىماي تۇرۇپ ئۇقۇۋالىدىغان ئىش قەدىمدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.

ۋاڭ چۇڭ

ھۇرۇن ئادەمنىڭ نەزىرىدە، تېجەپ قېلىنغان ۋاقىتتا ئارام ئېلىشلا كېرەك، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشنىڭ سىرتىدا كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تېجەپ قېلىنغان ۋاقىت قانچە كۆپ بولسا، كىتاب ئوقۇش ۋاقتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دېمەك، خىزمەتنى دەپ ئوقۇشقا، ئوقۇشنى دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويماي خىزمەت بىلەن ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈش ھەقىقىي ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدۇر.

لى داجاۋ



ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئۆگىنىۋېرىمەن.

لۇشۈن

ئادەم ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ.

دېسكارت

ھازىر مەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم جىددىي بىلمەكچى بولغان دۇنيانى ئەمدى ئۆگىنەلمەس ۋە بىلەلمەس بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇۋاتىمەن. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆگەنمىگەندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى.

لومونوسوف

ئۆگىنىشنى ھەرگىز ۋەزىپە دەپ قارىماي، ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان پۇرسەت دەپ بىلىشىڭلار لازىم. ئۆزۈڭلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭلار ئىشلەيدىغان جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆگىنىڭلار...

ئېينىشتېين

قايسى ستۇدېنت قانچە ياخشى ئوقۇغان بولسا، ئۇ شۇنچە ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

لومونوسوف

ئۆمرىڭىزنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمىسىڭىز، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىڭ.

گوركىي

ئاچ قالغاندا ئادەم بولكىغا ئۆزىنى ئۇرغاندەك، مەن كىتابقا ئۆزۈمنى ئۇرىمەن.

قاچانلا ئۆگەنسىڭىز مەڭگۈ كېچىككەن بولمايسىز.

گوركىي

كىتاب ئوقۇۋېرىپ پىكىر يۈرگۈزمىسىڭىز، بىلىدىغانلىرى-

ئىزنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ھېس قىلىسىز، كىتاب ئوقۇۋېتىپ قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزسىڭىز، بىلىدىغانلىرىڭىزنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى شۇنچە روشەن كۆرۈۋالايسىز.

ۋولتاپىر

بىلىم —ئاچچىق يىلتىزدىن پىشىدىغان تاتلىق مېۋە.

داگاتو

كاج ئادەمنىڭ ئىرادىسى چىڭ بولىدۇ: كىتابقا بېرىلگەن ئادەم بىلىملىك بولىدۇ، ھۈنەرگە بېرىلگەن ئادەم ھۈنەرگە ئۇستا بولىدۇ. —لاغايلاپ يۈرۈپ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغانلار ئۆزلىرىنى تېخى ئەقىللىق چاغلايدۇ.

پۇ سۇڭلىڭ

پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن، پايدىسىز شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ، تۇرمۇشتىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى شارائىت يارىتىش لازىم.

گاۋ شىچى



ياش يولداشلار شۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى لازىمكى، بۇرۇندىن قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يۈگۈرگەن پېتى بېرىپلا ئىگە بولۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي نىيەت ۋە جاپالىق ئەمگەك كېرەك. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، مۇشۇ يول ئۇستىدە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن ياخشى ھاياجانلاندۇرۇش دورىسىدۇر.

ئوستروۋىسكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تىرىشىش ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش سىزنى مەڭگۈ يۇقىرى ئۆرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

شۇمان

بىلىم ئادەمدىن ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ قىزغىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پاۋلوف

...پەن ھەممە يەرنى ماكان تۇتىدۇ، بىراق ئۇرۇق سېلىنمىغان ھەرقانداق يەردە ھوسۇل بەرمەيدۇ.

گېرتسېن

بىلىم ئېلىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىلىك بولۇش، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماسلىق لازىم، يىقىلىپ چۈشكەندە دەس تۇرۇپ، ئويلىنىۋېلىپ يەنە ئىلگىرىلەش كېرەك.

خۇا لوگېڭ

ئۆگەنگەننى دائىم تەكرارلاپ تۇرۇش كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەسمۇ؟

كۇڭزى

پىكىر قىلماي ئۆگىنىش — كالۋالىق، پىكىر قىلغان بىلەن ئۆگەنمەسلىك خەتەرلىك.



كۇڭزى

ئۆگىنىپلا تۇرساڭ كارغا كېلىسەن، ئۆگىتىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئىزدەپ تېپىشىڭ كېرەك.

لى جى

ئىرادە باغلىمىغان، كۆڭۈل قويمىغان ئادەم ھېچنەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ.

جاك زەي

كىتاب ئوقۇغاندا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەۋاتقاندەك پىششىق بىلىۋېلىش لازىم. ئاندىن كۆڭۈل قويۇپ پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزى ئويلاپ يازغاندەك ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم، شۇندىلا بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

جۇشى

ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما سەۋر - تاقىتى ئاجىز بولىدۇ. كىتاب ئوقۇشنى مىسالغا ئالساق، كىتابنى قولىغا ئالا - ئالمايلا ھەممىنى بىراقلا ئۆگىنىۋالغۇسى كېلىپ كېتىدۇ، ئەمما قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھامان بىلىنى قويۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا چالا - بۇلا ئۆگىنىش ئادىتى پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇلار ئۆز كاللىسى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋالماي، يا باشقىلارنىڭ ئوبزورىنى ئوقۇپلا رازى بولىدۇ، يا بولمىسا كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى ئوقۇپلا بولدى قىلىدۇ، بەزىلەر تېخى يېرىم - يارتا بىلىۋېلىپلا كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ يۈرىدۇ. بۇ ياشلىرىمىز ناھايىتى ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدىغان ئورتاق ئىللەت.

گو مورو

بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈش، قەتئىي ئىرادە بىلەن كۆنلەپ، ئايلاپ ئۆگىنىش كېرەك.

ۋۇ يۈيجاڭ

www.uyghurkitap.com

بىلىم — تەجرىبىنىڭ يىغىندىسى، قابىلىيەت — قاتتىق چىدامنىڭ نەتىجىسى.

ماۋدۇن

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە ئۆتكەن بىلىملىك كىشىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىم توپلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. بىلىم توپلاش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، تەجرىبىمۇ شۇنداق. بىز ھەرقانداق ئىشتا پارتىزانلارچە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز لازىم.

دېڭ تو

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىلىمنى ئىگىلەش ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆگىنىپ، قانۇنىيەتلەرنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، پىششىق بىلىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتكەندىلا، بۇ بىلىملەرنى تولۇق چۈشىنىپ ئەركىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

گاۋ شىچى

چەت تىل ئۆگىنىش قىيىن ئەمەس. ئۇ دوست تۇتۇشقا ئوخشايدۇ، دوستلار كونىرىغانسېرى بىر - بىرىنى ياخشى چۈشىنىدۇ، ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرغاچقا، بارغانسېرى يېقىن بولۇپ كېتىدۇ.

گاۋ شىچى

نېرۋىنى تىنىچلاندۇرۇپ، تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلە ئۈستىدىلا باش قاتۇرۇپ، دىققەتنى ئەڭ زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگەندە، مېنىڭچە، ئادەم ئۆزى تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ.

دالانت ۋە بېكر

ئۆگىنىشتە ئۆگىتىدىغان ئادەمنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ئاڭلىقلىق ۋە ئىرادىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى ھەممىدىن مۇھىم.

فابۇر

ئادەم كۆڭلىنى ھەرياققا چېچىۋەتسە، ھېچ يەردىن تولۇق مېۋە ئالالمايدۇ.

جاۋسېر

نىشانغا يېتەلىشىمنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەي. مېنىڭ بىردىنبىر كۈچ ـ قۇۋۋىتىم چىڭ تۇرۇش روھىدىن ئىبارەت.

پاستېر

تەكرارلاش —ئۆگىنىشنىڭ ئانىسى!

دىتز گېن

تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، پىششىق ئوقۇپ چوڭـقۇر پىكىر قىلىش لازىم.

جۇ شى

تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش لازىم! مەن ماڭغان يول ئەنە شۇنداق تەرتىپلىك، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش يولىدۇر.

خۇا لوگېڭ

ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان ياشلىـرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، بىرىنچى، تەرتىپلىك ۋە تەدرىـجىي ئىلگىرىلەش لازىم. ئىلىم ـ پەن خىزمىتىدە ئۇنۇم بېرىدىغان

uyghurkitap.com كىتاب تورى

بۇ مۇھىم شەرت ئۇستىدە توختالغىنىمدا ھاياجانلانماي تۇرالمايمەن. تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، تەرتىپلىك ۋە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ... كېيىنكىنى ئالدىنقىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ كېيىنكىسىنى ھەرگىز باشلىماسلىق لازىم. لېكىن ھەرگىز پاكىتلارنى ساقلىغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىق كېرەك. شەيئىلەرنىڭ سىرىنى تەلتۆكۈس ئېچىش، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرنى قەتئىي بوشاشماستىن تېپىپ چىقىش لازىم. ئىككىنچى، كەمتەر بولۇش... ھەرگىز كۆرەڭلەپ كەتمەسلىك كېرەك. كۆرەڭلەپ كەتسەڭ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا توغرا كەلگەندە كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان، باشقىلارنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن پايدىلىق ياردىمىنى رەت قىلىدىغان بولۇپ قالىسەن، ئوبيېكتىپ مىزاندىن ئايرىلىپ قالىسەن. ئۈچىنچى، قىزغىن بولۇش لازىم. شۇنى ئەستە تۇتۇڭلاركى، ئىلىم ـ پەن كىشىلەردىن پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. خىزمەت ۋە ئىزدىنىشىڭىزدە چوقۇم غايەت زور قىزغىنلىق بولۇشى لازىم.

پاۋلوف



كىتابنى كۆپ ئوقۇساڭ، قەلىمىڭدىن گۈل ئۈنەر.

دۇفۇ

ئۇزلۇكسىز كىتاب ئوقۇشىمىز، يەنى كىتاب ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىشىمىز لازىم، باشقىلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئەسقاتمايدۇ. ئالدى بىلەن بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۆزىمىزگە ياققان بىر ياكى بىر قانچە ساھەنى تاللىشىۋېلىشىمىز كېرەك؛

لېكىن كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتسەك بولمايدۇ، شۇڭا رېئال جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز، ئوقۇغان كىتابىمىزغا جان كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.

لۇشۇن

كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ياشلار ئۆز كەسپىدىن ئۆزگە كىتاب-لارنى يەنى دەرستىن سىرتقى كىتابلارنىمۇ كۆرۈپ بېقىشى كې-رەك...مەسىلەن، تەبىئىي پەن ئوقۇۋاتقانلار، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بېقىشى، ئەدەبىيات ئوقۇۋاتقانلار تەبىئىي پەنگە دائىر كىتاب-لارنىمۇ ئوقۇپ بېقىشى، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى تەتقىق قىلىۋات-قانلىقىغا قاراپ بېقىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئۆزگىنى، باشقا ئىشلارنى تېخىمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

لۇشۇن

بىرلا ئادەمنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان بىلەن ئانچە كۆپ تەرەپ-لەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى ھە-سەل ھەرىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايدۇ. ھەسەل ھەرىسى نۇرغۇن گۈل - چېچەكلەرگە قونسا، ئاندىن ھەسەل چىقىرالايدۇ، بىرلا يەردە تۇرۇۋالسا، چىقارغان ھەسىلى چەكلىك، تەمسىز بولۇپ قالىدۇ.

لۇشۇن

بىلىم توپلاش ئۇچۇن دېھقانلارنىڭ ئوغۇت توپلىغان ۋاقتىدى-كى غەيرىتىدەك غەيرەت بولۇشى لازىم. دېھقاننىڭ ئوغۇت توپلاش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا چەك قويمايدۇ ...ئۇ تېزەك بولامدۇ، ماياق بولامدۇ ياكى گەندە بولامدۇ، ھەممىنى يىغىپ كېلىپ زىرا-ئەتلەرگە ئوزۇق بولىدىغان ئوغۇتقا ئايلاندۇرىدۇ.

دىڭ تو

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەزى كىتابلارنى ئوقۇپ قويۇشقىلا بولىدۇ، بەزى كىتابلارنى يۇتۇۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز ساندىكى بىر نەچچە كىتابنى بولسا چايناپ ھەزىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ دېمەك، بەزى كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ قويۇشلا كۇپايە، بەزىلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقىش كېرەك، لېكىن تولۇپلەپ ئوقۇش ھاجەتسىز؛ ئاز ساندىكى بىر نەچچە كىتابنى بولسا باشتىن ـ ئاخىر بىر نەچچە قېتىم ئوقۇش، يەنە كېلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك.

بېكون

كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەرنى كاللىغا قاچىلاۋەرمەي، شەيئىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئىقتىداردىن پايدىلىنىپ قايناپ تۇرىدىغان بۇلاققا ئوخشاش تۈگىمەس بىلىم ھاسىل قىلىش لازىم.

كومېنسكىي

ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىش، ھەممىنى ئۆگىنىش لازىم؛ پۈتۈن كۈچ بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا، ھەممىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىش لازىم.

گوركىي

كىتاب ئوقۇشتا كۆڭۈلنى، كۆزنى ۋە ئېغىزنى تەڭ ئىشقا سېلىش كېرەك.

جۇشى

كىتابتىكى بىلىملەر گويا بىپايان دېڭىزدىكى سۇدەك مول بولىدۇ. ئادەم ھەممىنى ئۆگىنىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۆزى ئارزۇ

قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، ئۆگىنىشنى خالىغۇچىلار ھەر قېتىمدا بىرلا مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشسا بولىدۇ.

سۇ شى

بىرەر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئابزاس ـ ئابزاس بويىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن رۇس ئولتۇرۇپ ئوقۇش، ئۆگدەمسىلىك، گويا گەجگىسىگە خەنجەر تىرىلىپ تۇرغاندەك رۇس ئولتۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. بىرەر ئابزاسنى ئوقۇغاندىمۇ تولۇق چۈشىنىۋېلىش، بېشىنى ئوقۇسا ئايىغىنى، ئايىغىنى ئوقۇسا بېشىنى بىلىۋالالايدىغان بولۇش كېرەك. ھەرگىزمۇ كىتابنى ئاچسىلا ھەممىنى بىلدىغان، يېپىپلا قويسا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئادەملەردىن بولماسلىق كېرەك.

جۇشى

كىتاب ئوقۇغاندا كۆڭۈلنى، كۆزنى ۋە ئېغىزنى تەڭ ئىشقا سېلىش كېرەك. كۆڭۈل قويمىغاندا، كۆزمۇ ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، كۆڭۈل قويمىغان ۋە كۆز كۆرمىگەندە، ھەرقانچە ئوقۇغان بىلەنمۇ ئەستە قالمايدۇ، ئەستە قالغان بىلەنمۇ ئاسان ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۈچىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈل قويۇش ھەممىدىن مۇھىم، كۆڭۈل قويغان كىشىنىڭ كۆزى بىلەن ئېغىزى نەگە باراتتى؟!

جۇشى

ئۆگىنىشتە سان ئەمەس، سۈپەت مۇھىم ...ئوننى چالا بىلگەندىن بىرنى پۇختا بىلگەن ياخشى.

دەي جىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى

كىتابنى بىر قۇر ئۇنلۇك ئوقۇپ چىقىش ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ.

جېڭ بەنچياۋ

ھەممە ئىش قولىدىن ئانچە - مۇنچە كېلىدىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە بىرەر ئىشنىمۇ پىششىق بىلمەيدۇ، ھەممىدىن خەۋەردار مۇتەخەسسىس ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىشقا تاكامۇللىشالمايدۇ...

زۇ تاۋفېن

چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش، مەركەزنى چىڭ تۇتۇش، ھەممىگە بېرىلمەي بىرنىلا پۇختا بىلىش، مەخسۇسلىنىش لازىم.

جۇئېنلەي

كىتاب ئوقۇشمۇ كان قېزىشقا ئوخشاش «قۇمدىن ئالتۇن ئالىدىغان ئىش».

جاۋ شۇلى

مەن ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان بىرەر كىتابنى ئوقۇشتا مۇنداق ئۇسۇل قوللىناتتىم: ئالدى بىلەن نۇرغۇن بەتلىرى بىلەن بابلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ يۈزە چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتىم، پىششىق بىلىۋېلىش ئۈچۈن يەنە باشتىن باشلاپ ئوقۇيتتىم. تېما بىلەن پىششىق تونۇشقانسېرى، كىتابنى چۈشىنىش ئىقتىدارىم شۇنچە ئېشىپ باراتتى - دە، ئوقۇپ بولغاندا ھەممىنى بىلىۋالاتتىم. سىزگە تونۇشتۇرغۇدەك بىردىنبىر توغرا ئۇسۇلۇم ئەنە شۇ.

دىتزگېن

مۇھىمى بىلىمنىڭ سانى ئەمەس، ساپاسىدۇر. بەزىلەر نۇرغۇن

نەرسىلەرنى بىلىسىمۇ، ئەڭ ئەسقاتىدىغان نەرسىنى بىلمەيدۇ.

لېۋ تولستوي

ئوقۇغان كىتابتىن بىلىمىڭىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردىغان نەرسىلەرنى تېپىشىڭىز، قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەنى مېڭىڭىزنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغان ۋە سىزنى مۇھىم ۋاقىتتىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدىغان نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىشىڭىز لازىم.

ئېينىشتېين

...تۇرمۇشتىكى ئەقىل ئۇمۇمەن ھەر بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال قويۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

بالزاك

سوئال قويۇپ تۇرغان ياخشى ...لېكىن، ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرمەيلا ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە سوراۋەرسىڭىز، توغرا جاۋاب ئالغان تەقدىردىمۇ چوڭ پايدا ئالالمايسىز.

شيې جۆزەي

گۇمانلانماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى بىلگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەممەيلەننىڭ تەييار تەلىماتلار ئالدىدا تىز پۈكمەي، ئۇلارغا گۇمانى پوزىتسىيە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



لى سىگۇاڭ

شەك ـ شۈبھىسىزكى، سوئال — ھەرقانداق پەننىڭ ئاچقۇچى. بىزنىڭ نۇرغۇن ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىمىز سوئالغا مەنسۇپ. ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئەقىلمۇ ئومۇمەن ھەر بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە نېمە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچۇن دەپ سوئال قويۇشتىن پەيدا بولىدۇ.

بالزاك

بىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بىلىم توپلايمىز، ئەمما ئەقىل ئىشلىتىپ دان بىلەن چارىنى ئايرىشىمىز كېرەك.

فۇست

ساختا بىلىم بىلىمسىزلىكتىن يامان، بىلىمسىزلىك ئېتىزغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەرنى ھەيدەپ تېرىشقا بولىدۇ؛ ساختا بىلىم ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن قاقاسلىققا ئوخشايدۇ، ياۋا ئوت - چۆپنى تۈگىتىش ئاسان ئەمەس.

كانتۇ

كىتابتىن ئوقۇغان بىلىمنى ئىشلىتەلمىسىڭىز، ئوقۇغىنىڭىز كېرەكسىز قەغەزگە تەڭ.

ۋاشىنگتون

بىلىم كىتابتىلا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبىلەرمۇ بىلىمدۇر.

چېن يىئەن

ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت، ئۆگەنگەن نەرسە ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، كاللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدىلا ھەقىقىي ئۆگىنىۋالغان ياكى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالالمىغانلىقنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئوقۇغان كىتابىڭىز كۆپ بولغان بىلەن

كىتاب ئىسكىلاتىغا ئايلىنىپ قالىسىز، خالاس.

شىې جوزەي

ئادەم —تىرىك نەرسە. كىتاب — ئۆلۈك نەرسە. تىرىك ئادەم ئۆلۈك كىتابنى ئوقۇسا، كىتابقا جان كىرگۈزەلەيدۇ. ئۆلۈك كىتاب تىرىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ.

گو مورو

بىلىمنى كىتابتىن باشقا يەنە كىشىلىك تۇرمۇشتىنمۇ ئۆگىنىش لازىم.

ماۋ دۇن

ئادەم كىتابنىڭ قۇلى بولۇپ قالسا، كىتاب تىرىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ...ئادەم كىتابنى ئۆزىگە قورال قىلسا، كىتابتىكى بىلىملەرگە جان كىرىدۇ، كىتاب ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

خۇا لوگېڭ

كۆپ ئاڭلاش، كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئوقۇش ۋە كۆپ تەجرىبە قىلىش بىلىم ئېلىشنىڭ پرىنسىپىدۇر.

دېبلوگېل



نۇرغۇن، ئەمما ئەسقاتمايدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغان كىشىلەر ياكى نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغان بىلەن ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر گويا بىر ساندۇق سايمىنى بولسىمۇ ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ياغاچچىغا ئوخشايدۇ، بۇنداق ياغاچچى سايمىنى ئاز بولسىمۇ ئەركىن ئىشلىتەلەيدىغان ياغاچچىغا يەتمەيدۇ.

ۋېيست



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

بىز تېخى ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ باقمىغان تەبىئەتتىنەك، ئىنسانلار ئىرادىسى ۋە ئەقلى ياراتقان رېئاللىقتەك كۆپ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھېچقانداق ئالىي مەكتەپ يوق.

گوركىي

كىتاب —بۈيۈك كۈچتۇر.

لېنىن

كىتاب —بەخت ۋە قۇدرەتلىك ئىستىقبال يولىدا ئادەمزات ياراتقان، ئېھتىمال، كەڭ مۇرەككەپ ۋە مۆجىزىلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىلەردۇر.

گوركىي

ئادەمزات ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ مۆجىزىسى كىتاب — دۇنيا ھاياتىغا ئائىت ھەممە بىلىملەرنى، جاھان ئەقلىي كامالىتىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى، يەر شارى خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ئەمگىكى ۋە تەجرىبىسىنى ئۆزىدە جەم قىلىدۇ. — كىتاب ئىنسانىيەت مەنىۋى كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قورالىدۇر.

گوركىي

كىتاب ئىنسانىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ھەقىقىي ھەيران قالارلىق ۋە ئېتىبارغا لايىق كۆرۈنۈشىدۇر. كىتابلاردا ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى ياشايدۇ، خاك ـ تۇپراقلىرى چۈشتەك ئاللىقاچان توزۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئۆتكۈر ۋە ئېنىق ياڭراپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت ياراتقان، تەكرار ـ تەكرار ئويلاپ كۆرگەن ۋە ئۇ

ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى سېھىرلىك ساندۇقتەك كىتابلار سەھىپىسىدە ساقلىنىپ قالغان.

كارلېيل

ياخشى كىتاب مېۋە بېرىپ، باشقا كىتابلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ، ئۇنى مۇتالىئە قىلىش كىتابخانلار ھاياتىدىكى پۈتۈن بىر دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئولگاتت

تېيىنلاردىن سوملار يىغىلغاندەك، ئاز ـ ئازدىن ئوقۇلغان كىتابلاردىن ئىلىم تەركىب تاپىدۇ.

دال

كىتاب ھەرقانداق بىلىمنىڭ جېنى ۋە يۈرىكى، ھەرقانداق پەننىڭ ئىپتىداسى.

تۋېيگ

مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە سەنئەت ۋە پەندىن ئىبارەت ئىككى كۈچنىڭ ئەھمىيىتى زور. بۇ ئىككى كۈچ كىتابقا جەملەنگەن.

گوركىي

تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدە ھەرقايسى خەلقنىڭ ئورنى شۇ خەلق ئوقۇۋاتقان كىتابلارنىڭ سانى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

لابولې

كىتاب پىكىر قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ھەربىكەتكە كەلتۈرگۈچى ئىچچامغىنە قورالدۇر: ئۇ ئەقلىي تەمبەللىكىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشىمىزدا بىزگە ياردەملىشىدىغان تەپەككۇر قۇۋۋىتىدۇر.

فاكې

كىتابلار قەلبنى يورۇتىدۇ. ئىنساننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچكە كۈچ قوشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ. ئەقىلنى ئۆتكۈر قىلىدۇ ۋە يۈرەكنى يۇمشىتىدۇ.

تېككېرېي

ھەر كۈنى جاھاننىڭ ئەڭ دانىشمەن ئادەملىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇشتىن قىممەتلىكرەك نېمە بار!

لېۋ تولستوي

ئەقىلنى ئۆتكۈر قىلىشتا قەدىمي گېنىيلارنى ( ▮ گېنىي —يۈكسەك تالانت ئىگىلىرى (ت) ) ▮ ئوقۇشتىن ياخشىراق ۋاستە يوق؛ ئۇلاردىن بىرەرنى ئەقەللىي يېرىم سائەتلا قولۇڭدا تۇتساڭ —ئۆزۈڭنى ئاشۇ زامانلا قايتىدىن تۇغۇلغاندەك، روھىڭ يېنىكلەشكەندەك، پاكلاشقاندەك، كۆتۈرەڭگۈلۈك ۋە تېتىكلىك ھېس قىلىسەن، — گويا تىپتىنىق بۇلاقتا چۆمۈلۈپ چىققاندەك بولىسەن.

شوپېنگائۇئېر

كىمكى ئەجدادلار ياراتقان بايلىقلارنى بىلمىسە، دېمەك، ئۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈزەللىكتىن بىخەۋەر ياشىغان.

گېگېل

كىتابلار ئەقىل پەرزەنتىدۇر.

سۋىفت

كىتابلار دانىشمەنلىكنى تارقىتىش قورالىدۇر.

كومېنىسكىي

ئەمەلىيەتتە بىز كىتابسىز نە ياشىيالمايمىز نە كۈرەش قىلالمايمىز، نە زەخمەت چېكىشىمىز، نە خۇشال بولۇشىمىز ۋە يېڭىلىشىمىز، نە چوڭقۇر ئېتىقاد قويغان تولۇق ۋە گۈزەل ئىستىقبالسېرى ئىشەنچ بىلەن بېرىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

پائۇستوۋسكىي

كىتاب —ئەمگەك قورالى. ئۇ ئادەملەرنى باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە كۈرىشىگە ئىشتىراك قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىرى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۆگىتىدۇ، ئۇ ئەتراپىتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇش، ئېنىقلاش ۋە ئۇلارنى قايتا ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

كروپىسكايا



كىتابمۇ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ھايات ھادىسىسىدۇر. ئۇمۇ جانلىق پىكىردۇر، ئۇمۇ سۆزلەيدۇ ۋە ئۇ ئىنسان تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان باشقا ھەممە بۇيۇملارغا قارىغاندا ئۆزگىچىرەك «بۇيۇم» دۇر.

گوركىي



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

كىتابلار خەزىنىسى، ئومۇمەن ئالغاندا، ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئەينىكىدۇر.

روباكىن

كىتاب ئەڭ يىراق ۋە زىمىستان ئۆمۈر يوللىرىدا ئىنسانغا نۇر بېغىشلاپ تۇرغۇچى سېھىرلىك چىراغدۇر.

ئوۋېت

يۈزلىگەن، مىڭلىغان، مىليونلىغان قولىيازما ۋە كىتابلار يېزىپ قالدۇرۇلغان كىشىلىك تەرەققىيات تارىخىنىڭ ھەرقانداق بوران - چاپقۇنلىرىمۇ، زامانلارنىڭ جىمجىت بوشلۇقلىرىمۇ يوقىتىشقا قادىر ئەمەس.

پائۇستوۋسكىي

كىتابلار مەڭگۈلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇلار ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئۆمۈرلۈك مېۋىلىرىدۇر.

سمايلىس

كىتابلار ئالدىدا ھەممە نەرسە نۇرسىز بولۇپ قالىدۇ.

چېخوف



كىتاب —سېھىرگەر. كىتاب دۇنيانى يېڭىۋاشتىن قۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەمزاتنىڭ ئەقلى مۇجەسسەم، ئۇ كىشىلىك تەرەققىياتنىڭ تۆۋرۈكى. كىتابسىز ئالەم ياۋايىلار ئالىمىدۇر.

موروزوف

ياخشى كىتاب مۇئەللىپىنىڭ ئادەمزات ئۈچۈن ئاتىغان سوۋ-غىسى.

ئاددىسون

كىتابلار زامان دولقۇنلىرىدا ئۈزگۈچى ۋە ئۆزىنىڭ قىممەت باھا يۈرىكىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادلارغا ئاۋايلاپ يەتكۈزگۈچى تەپەككۈر كېمىلىرىدۇر.

بېكون

كىتابلار بىر ئەۋلادنىڭ باشقا ئەۋلادقا قالدۇرغان مەنىۋى ۋە-سىيىتى، ئۆمرى ئاخىرلاشقان قېرىنىڭ ھاياتقا ئەمدى قەدەم قو-يۇشقا باشلىغان ئۆسمۈرگە پەند - نەسىھىتى، دەم ئېلىشقا ئاتلانغان ساقچىنىڭ نۆۋەتچىلىككە تۇرغان ساقچىغا بەرگەن بۇيرۇقىدۇر.

گېرتسېن

ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى پەيدىنپەي كىتابتا مەنزىل تاپتى: قە-بىلىلەر، ئادەملەر، دۆلەتلەر يوق بولۇپ كەتتى، كىتابلار بولسا قې-لىۋەردى.

گرېتسېن



كىتابلار بىزنى ياخشى جەمئىيەتسېرى يېتەكلەيدۇ، بىزنى ھەممە زامانلارنىڭ بۈيۈك ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.

سمايلىس

كىتابلار بىزنى ئۆتمۈش ئەسىرلەر مەنىۋى ھاياتىنىڭ ۋارىس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

لىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

جېننىڭ

بىز كىتاب ئارقىلىق كىشىلىكنىڭ بۈيۈك ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن ئالاقىدە بولۇپ ھۇزۇرلىنىمىز ۋە بۇ ئالاقە ۋاستىسىدىن ھەربىرىمىز پايدىلىنىشىمىز مۇمكىن.

جېننىڭ

ساۋاتى بار ھەربىر ئادەم كىتابنىڭ ياردىمىدە ئەقىل ـ ئىدراك بىناسىغا كىرىش ھوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئىگىدۇر.

سمايلىس

ئىنسانىيەت ئىلمىنىڭ ھەممە ساھەلەرگە ئائىت كاتتا قىسمى قەغەزلەردە، كىشىلىكنىڭ خاتىرىسى بولغان كىتابلاردا ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئادەمزاتنىڭ يالغۇز ئۈمىدى ۋە ئۆلمەس خاتىرىسى پەقەت كىتاب توپلاش ۋە كۇتۇپخانا ئېچىشتىندۇر.

شوپېنگائوئېر

كۇتۇپخانىلار ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە روھىي بايلىقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.

لىيبىنتس

قانچىلىغان كۈنلەر، قانچىلىغان ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ ئەمگىكى، قانچىلىغان ئەقىل قۇۋۋىتى، قانچىلىغان ئۈمىد ۋە تەشۋىشلەر، بەرداشلىق بىلەن پەقەت ئىزلىنىش بەخش قىلىنغان قانچىلىغان ئۆمۈرلەر شۇ ئۇششاق باسما ھەرپلىرىگە دام قىلىنغان،

ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان تار جاۋەنلەرگە يىغىلغان.

سىمىت

ياخشى كۇتۇپخانا كائىناتنىڭ كىتابتىكى ئىنكاسىدۇر.

روباكىن

ياخشى كۇتۇپخانىدا بولۇشنىمۇ ئارتۇقراق زوق بارمۇ، كىتابلارغا قاراشنىڭ ئۆزى بەخت. كۆز ئالدىمىزدا خۇدالار ئىززىتىگە لايىق زىياپەت؛ شۇ زىياپەتكە ئىشتىراك قىلىپ، قەلبىمىزنى لىق-مۇلىق تولدۇرۇۋېلىشىمىز مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز.

لىپ

ئاممىۋى كۇتۇپخانا پىكىرلەرنىڭ خالىغان كىشى تەكلىپ قىلىنغان ئىچىل داستىخانىدۇر.

گېرتسېن

ئۆزىمىزنى دانالار تويىدا ئارتۇقچە مېھمان دەپ ھېسابلىماڭ. ئۆزىمىزگە يارىشا جايىمىزنى ئېلىڭ. ئەنە شۇ چاغدىلا ھەممە زامان خەلقلەرنىڭ شائىرلىرى، ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، تارىخچىلىرى ياراتقان جەۋھەرلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ، ئۆز ئېتقادىمىزنى ھەقىقانىي باھالىيالايسىز ۋە كۆز ئالدىمىزدا يېڭى، چەكسىز نامەلۇم ئۇپۇقلار يۈز ئاچقانلىقىنى كۆرىسىز.

كانىل

كىتابتا يالغۇز ئۆتمۈشلا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن؛ ئۇ شۇنداق بىر ھۆججەتكى، ئۇ ئارقىلىق ھازىرقى كۈن مۇلكىگە، قىيىنچى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىق، گاھى تەر ۋە قان بىلەن تېپىلغان ھەقىقەت ۋە ئىنتىلىشلەر كۆلىمىگە كىرىپ بارىمىز، كىتاب كېلەچەك پروگراممىسىدۇر.

گېرتسېن

كىتاب سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك قورالىدۇر.

گوركىي

كىتابسىز ئىنسان ھاياتى قۇپقۇرۇق بولغان بولاتتى. كىتاب دوستىمىزلا ئەمەس، بەلكى دائىمىي، ئۆمۈرلۈك يولدىشىمىز.

بېدنىي

كىتابنى بىلىش كېرەك. ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك. ئۆزۈڭدە كىتاب بىلەن شۇغۇللىنىش قۇۋۋىتى ۋە ئەمەلىي ماھارەتنى ئارتتۇرۇشقا ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك.

روباكىن

ئادەمدىكى ئىزچىل ۋە ئاڭلىق ئېتىقاد يا جەمئىيەت تەسىرىدە، ياكى ئەدەبىياتنىڭ ياردىمىدىلا راۋاجلىنىشى مۇمكىن.

چېرنىشېۋىسكىي

ھەر تەرەپلىمە بىلىمنىڭ غايەت زور قورالى ئوقۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

گېرتسېن

ئادەم بۈيۈك مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان چاغ-

دىكىدەك قەلبىگە ئالغ بەخش ئەتكۈچى ساپ تۇيغۇ بولمىسا كېرەك.

سالتىكوۋ ـ شېدرىن

ئوقۇشسىز ھەقىقىي بىلىم يوق. ئۇنىڭسىز نە دىت، نە سۆز، نە كەڭ كۆلەملىك چۈشەنچىمۇ يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس: گېيوتى ۋە شېكىسپېر پۈتۈن بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا تەڭ، ئوقۇش داۋامىدا ئىنسان ئەسىرلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

گېرتسېن

ئوقۇش ـ تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئەقىلنى ئىزلىنىش ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

كالىنىن

ئەگەر ئېتىبار بىلەن كىتابلاردىن دانىشمەنلىكنى ئىزلىسەڭ، قەلبىڭگە كۆپ مەلھەم تاپىسەن.

نېستور

ياخشى قىزىقارلىق كىتاب كۆپ بىلىم بېرىدۇ. كۆپ ياخشى پىكىرلەرنى ئويغىتىدۇ.

كروپسكايا



ھەممە ياخشى كىتابلارنىڭ بىرلا ئوخشاشلىقى باركى، ئۇلار سۆزسىز كىتابخانلاردا كىشىلەر ئۈچۈن نېمىنىڭ ئادالەت، گۈزەل ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە باش قاتۇرۇش ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ.

چېرنىشېۋىسكىي

ھەممە ياخشى كىتابلار بىر تەرىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ — ئوقۇپ تۈگىتىۋاتقىنىڭىزسىرى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر: ياخشىلىق، ياكى يامانلىقمۇ، ھاياجان، غەمكىنلىك ۋە ئەپسۇس، نادامەتلەرمۇ، ئادەملەر ۋە جايلارمۇ، ھەتتا ساپ ـ ھاۋا قانداقلىقىغىچە، شۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى سىزگە روھ بەرگەندەك تۇيۇلۇۋېرىدۇ ۋە بۇلار ئۆمۈرۋايەتكە كۆڭلىڭىزگە ئورنىشىپ قالىدۇ.

ھېمىڭۋاي

ياخشى كىتابنى ئوقۇش بىلەن ئادەم ئۆزىنى يەنىمۇ كۈچلۈك، بىلىملىك، نومۇسچان سېزىدۇ.

سۇدرابكالىن

ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان كىتاب — مۆلچەرسىز ئۇتۇق. ھاياتىڭدا ئەڭ ياخشى دوستۇڭ ۋە ئۇستازىڭدىنمۇ كۆرمىگەن ياخشىلىقنى ئۇنىڭدىن كۆرۈشۈڭ مۇمكىن.

پاۋلېنكو

گاھىدا ئادەم كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە مۇتلەق باشقىچە بولۇپ، ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئەڭ مەغرۇر ئەقىل ئىگىلىرىمۇ بەك نازاكەتلىك شەخسلەرمۇ، ئەڭ ساددا ۋە ئەڭ ئەۋلىيا ئادەملەرمۇ بۇ تارتىش كۈچى ئالدىدا باش ئېگىدۇ.

ھيۇگو

بىرەر ياخشى كىتابنى ئوقۇپ ئۆز ھاياتلىرىدا مۇتلەق يېڭى سەھىپە ئاچقان ئادەملەر ئازمۇ!

تورا

ئۆسمۈر ئەقلىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغۇچى كىتاب، ئادەتتە كۆپىنچە ئىنسان ھاياتىدا پۈتۈن بىر دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ.

سمايلىس

يۈرەككە تەگكەن بىرىنچى كىتاب — گويا بىرىنچى مۇھەببەت. ئۇ كەلگۈسىدە ئىنساننىڭ پۈتۈن تۇيغۇلار ئالىمىنى ئىختىيارسىز ئۆزىدە جەم قىلىدىغان گۈزەل ئەينەكتۇر.

فورش

ئۆزۈمدىكى ھەممە ياخشى خىسلەتلەر ئۈچۈن كىتابتىن مىننەتدارمەن.

گوركىي

مەن ئىشتىياق ۋە ھەيرانلىق بىلەن بەك كۆپ ئوقۇدۇم، ئەمما كىتابلار مېنى ۋەقەلىكتىن زېرىكتۈرمىدى. ئۇنىڭغا بارغانچە قىزىقىشىمنى كۈچەيتتۈردى، كۆزىتىش، قىياسلاش قابىلىيىتىمنى ئۆستۈردى. ھايات ئىلمىگە چاڭقاقلىقىمنى لاۋۇلداتتى.

گوركىي



قانچىلىك كۆپ ئوقۇغانسېرى كىتابلار مېنى ھاياتقا شۇنچىلىك يېقىنلاشتۇردى، تۇرمۇش ماڭا يەنىمۇ مۇنەۋۋەر، مەنىلىكرەك تۇيۇلۇۋەردى.

گوركىي

بىلىم مەنبەسى — كىتابنى سۆيۈڭ، پەقەت بىلىملا نىجاتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
uyghurkitap.com

بەخش ئېتىدۇ. ئۇ سىزنى ئىنساننى سادىق دىل بىلەن سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەيدىغان ۋە شۇ بىر تۈتاش ئۇلۇغۋار ئەمگەك مېۋىلىرىدىن يۈرەكتىن زوقلىنىدىغان، مەنىۋى جەھەتتە كۈچلۈك نومۇسچان، ئەقىللىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

گوركىي

كىتابنى سۆيۈڭ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى يېنىكلەشتۈرىدۇ. خىلمۇ خىل چېچىلاڭغۇ پىكىر، تۇيغۇ، ۋەقەلەر بورىنىنى چۈشىنىشتە دوستانە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ سىزنى ئادەملەرنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ئۇ دۇنياغا، ئادەملەرگە مېھىر تۇيغۇسىنى بەخش قىلغان ھالدا ئەقلىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانات بېغىشلايدۇ.

گوركىي

كىتابخان خالامدۇ ـ خالىمامدۇ، يۈكسەك بەدىئىي ئەسەر ئۇنى ئادەملەرگە باھا بېرىشكىلا ئەمەس، بەلكى شۇ باھا بېرىش يولى ھەققىدە، ھاياتنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى، ئۇنىڭ مەقسىتى، مەنىسى، ئۇنىڭدىكى ئادالەت، ناھەقچىلىق ۋەھاكازالار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

روباكىن

كىم كىتابنى سۆيسە، ئۇ دائىم سادىق دوستى، خالىس مەسلىھەتچىسى، قىزغىن بۇرادىرى، ھەقىقىي بەزلىگۈچىسى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئوقۇش، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئادەم ئۆزىنى ئىختىيارسىز بەزلەيدۇ ۋە بوش ۋاقتىنى ھەمىشە، ھەتتا

تەقدىرنىڭ ھەممە كۈتۈلمىگەن ھاللىرىدىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ.
باررائۇ

ئىنساننى كىتاب كائىنات ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.
پاۋلېنكو

كىتاب ئىنسانغا قانات بېغىشلايدۇ.
گىلادكوف

كىتاب ئىنسان قەلبىنى يورۇتىدۇ ۋە شۇ زېمىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ياردەملىشىدۇ. ئۇ ئىنسانغا تەبىئەتنىڭ ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئانا يەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولۇش، ئۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، يېڭى كوممۇنىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەشتە ياردەملىشىدۇ. ئەڭ ياخشى، ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ دانا ۋە نەپاساتلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كىتابتا جەملەنگەن.
گىلادكوف

كىتاب ۋاستىسى بىلەن ئادەملەر تارىخنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ مۆھتەرەم ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ؛ ئىنسان كىتاب ئارقىلىق ئۆتكەن ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن بۈيۈك ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىسىغا ئايلىنىدۇ.
گېرشېل

ئەگەر پار ۋە تۆمۈر يول مۇساپىلەرنىڭ يىراقلىقىنى يوقاتقان بولسا، كىتاب نەشرى زامان چېگرالىرىغا بەرھەم بەردى: كىتاب

كىتاب قورىقچىسى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر پېشقەدەم تورى www.uyghurkitap.com

شاراپىتى بىلەن بىز ھەممىمىز — زامانداشلىرىمىز، مەن ھومېر ۋە تىستىپىسرون بىلەن سۆھبەت باشلىسام، كېلەچەكتىكى ھومېر ۋە تىستىپىسرونلىرى بولسا بىز بىلەن سۆزلىشىدۇ.

لامارتىن

باشقا ئەسىر ئەدىبلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش — خۇددى ساياھەت قىلغاندەك گەپ.

دېكارت

پېداگوگىك ئېتىقادىمنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى كىتابنىڭ تەربىيىۋى كۈچىگە چەكسىز ئىشىنىشىمدە. مەكتەپ، ئەڭ ئاۋۋال، كىتاب دېمەكتۇر. تەربىيە — ئەڭ ئاۋۋال ياخشى سۆز، كىتاب جانلىق ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. كىتاب — قۇدرەتلىك قورال، دانا، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يېزىلغان كىتاب كۆپىنچە ئىنسان تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

سۇخوملىنسكىي

خەلقنى مەرىپەتلىك قىلىش، ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈش دېگەن سۆز. ئۇنى ساۋاتلىق قىلىش مەدەنىي كامالەتكە يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. كۈندە ئوقۇلىدىغان ياخشى كىتابلار تەسىرىدە ھەرقانداق قوپاللىقمۇ ئۆتتا كۆيۈپ كېتىدۇ.

ھيۇگو

كىتاب ئالاقە، ئەمگەك، كۈرەشنىڭ قۇدرەتلىك قورالىدۇر. ئۇ ئادەمنى ئىنسانىيەت ھاياتى ۋە كۈرەش تەجرىبىسى بىلەن قوراللاندۇرىدۇ، پىكىر ئۇپۇقلىرىنى كېڭەيتتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تەبىئەت

كۈچلىرىنى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا خىزمەت قىلدۇرۇشقا ياردەملەشكۈچى بىلىملەرنى بېرىدۇ.

كروپسكايا

ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەڭ دانا ئادەملىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش دېمەكتۇر، شۇنىسىمۇ باركى، بۇ سۆھبەتتە بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ.

دېكارت

ئوقۇش - تەپەككۇر ۋە ئەقلىي كامالەت مەنبەلىرىدىن بىرى.

سۇخوملىنسكىي

ئادەملەر ئوقۇشتىن توختاشلىرى بىلەن پىكىر قىلىشتىنمۇ توختايدۇ.

دىدرو

كىتابنى قەدىرلەش كېرەك، بۇ تەپەككۇر قەسرىگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قەدەم قويۇش لازىم.

گېرتسېن



ياخشى كىتاب — ئەقىللىق ئادەم بىلەن سۆھبەت قىلىشنىڭ بەئەينى ئۆزى. كىتابخان ئۇنىڭدىن بىلىم ھەم ۋەقەلىكنى ئومۇملاشتۇرۇش، ھاياتنى چۈشىنىش خىسلىتىنى ئالىدۇ.

تولستوي

ياخشى يېزىلغان تارىخي رومان تارىخ توغرىسىدىكى ئەڭ

ياخشى دەرسلىكلەر بىلەن تەڭ.

بالزاك

كىتابلاردا ئۆزىگە خاس تارتىش كۈچى بار. كىتابلار بىزگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇلار بىز بىلەن سۆزلىشىدۇ، بىزگە ئالىيجاناب مەسلىھەتلەر بېرىدۇ، بىزنىڭ جانلىق دوستلىرىمىزگە ئايلىنىدۇ.

پېتراركا

ئىلمىي ئەدەبىيات ئادەملەرنى جاھالەتتىن گۈزەل ئەدەبىيات بولسا قوپاللىقتىن ۋە رەزىللىكتىن خالاس قىلىدۇ.

چېرنىشېۋىسكىي

ئۆگىنىڭ، ئوقۇڭ، پىكىر يۈرگۈزۈڭ ۋە ھەممىسىدىن ئۆزىڭىزگە پايدىلىق تەرەپلەرنى تاللاپ ئېلىڭ.

پىروگوف

كىتاب ئوقۇمايدىغان ساۋاتلىق ئادەم نېمىگىمۇ ئەسقاتار؟ بۇنداق ئادەم يەنە تەكرار ساۋاتسىزلىققا مەھكۇمدۇر.

لوناچارىسكىي



ئوقۇڭ ۋە ئۆگىنىڭ. جىددىي كىتابلارنى ئوقۇڭ، قالغىنىنى ھاياتنىڭ ئۆزى بېرىدۇ.

دوستويېۋىسكىي

كىتابسىز ئادەم ئەقلىي جەھەتتىن بەك كەمبەغەل ئادەمدۇر؛ ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماڭ.

رېسكىن

كىتابسىز ئۆي — جانسىز تەن دېگەن سۆز.

تسستېسرون

قايسى ئائىلىدە كىتاب ئوقۇلمىسا — ئۇ مەزمۇن مۇكەممەل ئائىلە بولالمايدۇ.

پاۋلېكو

ئەخلاق جەھەتتىن مەدەنىيەتلىك كىشىلەر، ئاڭلىق ئەمگەكچىلەر كىتابقا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئائىلىدە ئۆسۈپ ۋايىغا يېتىدۇ.

سۇخوملىنسكىي

ئادەملەر كىتاب ئوقۇشتىن توختىسا، پىكىر قىلىشتىنمۇ توختايدۇ.

دىدرو

ياخشى كىتاب ھاياتنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز خەزىنىلىرىدىن بىرىدۇر.

سمايلس

ياخشى كىتاب — نەق بايرامنىڭ ئۆزى.

گوركىي

ھەربىر ئادەم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى ياخشى كىتابلار بىلەن قورشاپ ئېلىشقا ئىنتىلسۇن.

جېنىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرىسى

ئەپلىك ۋاقىت بولسىلا، كىتاب ئاختۇر. ئۆز ھاياتىڭ جەريانىدا ئىلاجىنىڭ بارىچە تۇرلۇك كىتابلارنى كۆپرەك كۆرۈشكە ۋە ئوقۇشقا ھەرىكەت قىل.

روباكىن

ياخشى كىتاب كۆتۈرۈۋالغان ئادەم ھېچقاچان يالغۇز ئەمەس.

گولدانى

نەدە كىتاب بار ئىكەن، ئۇ يەردە ئادەم ئۆزى بىلەن ئۆزى، يالغۇزلۇقتا، ئۆز كۆلىمى دائىرىسىدە قېلىپ قالمايدۇ. ئۇ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنكى كۈننىڭ ھەممە ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلىرىغا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىغا دوست بولىدۇ.

تسۋېيگ

كىتاب —يالغۇزلۇقتا دوست. ئۇنى ئوقۇش بىلەن ئادەم ئۆزىنى چۈشىنىدۇ.

ديوئامپل

بىرىنچى قېتىم ياخشى كىتاب ئوقۇغاندا، گويا ياخشى دوست تېپىۋالغاندەك ھېس قىلىمىز. ئاشۇ ئوقۇغان كىتابنى يەنە تەكرار ئوقۇش بولسا، كونا دوست بىلەن قايتا ئۇچراشقاندەك گەپ.

ۋولتېر

كىتابلار جانسىز، ئەمما سادىق دوستلاردۇر.

ھيۇگو

كىتابلار بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، بىزگە مەسلىھەتچى ۋە قانداقتۇر جانلىق مۇكەممەل بىر ئۇيغۇنلۇق بىلەن بىزگە باغلىنىپ كېتىدۇ.

پېتراركا

كىتابلار غايەت زور دوستلىرىمىزدۇر. ئۇلارغا ھاياتنىڭ ھەممە قىيىن مىنۇتلىرىدىمۇ ئىشەنسە بولىدۇ. ئۇلار ھېچ ۋاقىت خىيانەت قىلمايدۇ.

دودە

كىتاب ئەڭ سەۋر ـ تاقەتلىك، بەردەم، قىزغىن بۇرادىرىمىز. ئۇ ھەرقانداق مۇسىبەتلىك ياكى بەختسىزلىك چاغلىرىدىمۇ بىزدىن يۈز ئۆرىمەيدۇ.

سمايلس

كىتاب ئوقۇشتىن ياخشى خۇشاللىق ۋە ئەينى چاغدا ئۇزاق داۋام قىلىدىغان ئارام بولمىسا كېرەك.

م. مونتېگسكيۇ

مۇتالىئەگە بېرىلىش — تۇرمۇشتا سۆزسىز سادىر بولۇپ تۇرىدىغان زېرىكىش سائەتلىرىنى چەكسىز ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سائەتلىرىگە ئايلاندۇرۇش دېگەن سۆز.

ش. مونتېسكىي



نادانلار توپىدا ئولتۇرغاندىن كۆرە كىتابتىن تەسكىن تاپقان ئەۋزەل.

بوئاست

ئەتراپىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي، ئەڭ بىمەنە ئىش ۋە ئويۇن - كۆلكىلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدىكەنمەن، قولۇمغا كىتاب ئالىمەن - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە «يالغۇز مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمۈر بويى كۇپايىغۇ» دەيمەن.

دوستويېۋىسكىي

مۇتالىئە ھاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قارشى كۈرەشتە مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاستە ئىدى؛ ئوقۇۋاتقىنىمدا تارقاپ كەتمەيدىغان قايغۇ - ئەلەملىرىم بولمىغان.

ش. مونتېسكىي

غەيۋەت، بىمەنە پىكىرلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا كىرىشىشنىڭ ئۆزى كۇپايە؛ ئۇ دىققەت - ئېتىبارىمنى ئاسانلا ئىگىلەپ، يامان پىكىرلەرنى يىراققا ھەيدەيدۇ.

ش. مونتېسكىي

كىتابلار ماڭا پۈتۈن ھايات يولۇمدا ھەمراھ بولىدۇ ۋە مەن ھەر ۋاقىت ھەم ھەممە يەردە ئۇلار بىلەن بىللە نەپەس ئالدىم. ئۇلار قېرىلىق يىللىرىمدا، يالغۇز تەنھا ياشايدىغان ۋاقىتلىرىمدا ماڭا تەسەللى بولىدۇ. ئۇلار مېنى جانغا تېگىدىغان بىكارچىلىق يۈكىدىن ئازاد قىلىدۇ ۋە ھەر دائىم ماڭا بىمەنە ئۇلپەتلەردىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر كىيسلىم باشقا ھەممە نەرسىلەرنى باش ئەگدۈرىدىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتسە، كىتابلار ئاشۇ ئاغرىق

خۇرۇچلىرىنىمۇ يۇمشىتىدۇ.

فرانس

كىتابقا بولغان مۇھەببەتنى ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق. بەزىلەر كىتاب «مەستانىلىرى» ئۈستىدىن كۈلۈشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئېھتىمال بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزى ئەيىبلىك. چۈنكى، ھەممە ئاشىقلارنىڭ يولى شۇ. لېكىن ئەسلىدە ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراش كېرەك ئەمەسمۇ...

فرانس

كىتابلار قېرىلىقتا ئەڭ ياخشى دوست. ئەينى چاغدا ياشلىقنىڭ ئەڭ ئەزىز يول كۆرسەتكۈچىسىدۇر.

سمايلىس

كىتابلار بىزنىڭ ئەڭ كېيىنكى دوستلىرىمىزدۇر، ئۇلار بىزنى ئالدىمايدۇ، ھەمىشە يېنىمىزدا تۇرىدۇ ۋە قېرىغىنىمىزدىمۇ مالامەت قىلمايدۇ.

فاگېي



بوۋىلىرىمىز كىتاب ئىزلەپ قىينىلاتتى؛ ھازىرقى دەۋرىمىزدە بولسا بىز كىتاب تاللاشتا قىينىلىمىز. مۇتالىئە ئۈچۈن بەك زېرەك بولۇش لازىم.

لېببوك

بىر ۋاقىتلار كىتابلارنىڭ كەمچىلىكى ئىلىمنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان يەتكۈزگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى گاراڭ

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، شەخسىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشىڭغا دەخلە قىلىدۇ.

ۋېبېر

پاكىتلار ۋە يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەر شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى، يېقىن كەلگۈسىدە ھەممە نەرسە تاللاپ ئېلىنغان پىكىر ۋە لۇغەتلەرگە بېرىپ تاقىلىشى تۇرغان گەپ.

ۋولتېر

ھەربىر ساھە ئۇچۇن يېزىلغان مۇكەممەل ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز، باشقىلاردا بولسا مانا شۇ ئاز ئەسەرلەردە بىرمۇنچە تولۇق ۋە ئېنىق يورۇتۇلغان نەرسىلەر تەكرارلىنىپ، سۇيۇلدۇرۇپ، بۇزۇلىدۇ. پەقەت ئاشۇ مۇكەممەل ئەسەرلەرنىلا ئوقۇش زۆرۈر، باشقىلىرىنى ئوقۇش ۋاقىتنى بىكارغا سەرپلەشتۇرىدۇ.

چېرنىشېۋىسكىي

ھەقىقىي بىلىم ئاشۇرۇش ئۇچۇن ئادەم ياخشى كىتابلارنى يەنى ياخشى، ئەقىللىق كىشىلەر ۋە ھەقىقىي دانىشمەنلەر يازغان كىتابلارنى تاللىشى لازىم.

جېنىنىڭ

ۋەھالەنكى، ھايات بەك قىسقا، بوش ۋاقىت بولسا بەك ئاز ئىكەن، بىز ئۇنى خام كىتابلارنى ئوقۇشقا ئىسراپ قىلماسلىقىمىز كېرەك.

رېسكىن

بىز مۇتتەسىل (تەكرار) ئېلىپبەنى تەكرارلاۋەرمەسلىكىمىز،

بىز ئۆمۈر ئۆپئۆخشاش سىنىپلاردا ئولتۇرۇۋەرمەسلىكىمىز، بەلكى ئەدەبىياتلاردا مەۋجۇت ھەممە ياخشى نەرسىلەرنى ئوقۇشىمىز زۆرۈر.

تورا

كىتابلارنىڭ سانى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ياخشىسى پايدىلىق.

سېنېكا

ھەممە نەرسىنى ئوقۇۋېرىش يارىمايدۇ، دىلدا سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىتابلارنىلا ئوقۇش كېرەك.

لېف تولستوي

كىتاب تاللاشتا، ھەتتا ئوقۇۋاتقان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن ئەقىلـنىڭ پەرۋازىغا تەئەللۇق بولغان تەرەپلەرنى ئاجرىتىشنى بىلىش لازىم.

تانېئېف

كىتابلاردىن زامانىمىزنىڭ ھەقىقىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىزلىمەك، تاپماق زۆرۈر.

قادېيېف



ھاياتنىڭ مەنىسى، ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشنى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنىلا ئوقۇش ۋە قەدىرلەش كېرەك.

گوركىي

سىزنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان كىتابلارلا ئەڭ نەپ بې-



رىدىغان كىتابلاردۇر.

پاركېر

تەپەككۇرىمىز ئۇچۇن ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ رەڭمۇ رەڭ ئوزۇق بەرگۈچى كىتابلار نەزىرىمدە، ئەڭ ياخشى كىتابلاردۇر.

فرانس

بىز بۈيۈك زاتلارنىڭ روھى ياشايدىغان كىتابلارغا شادلىقتىمۇ، غەمدىمۇ، باياشاتلىق ۋە كەمبەغەللىكتىمۇ مەسلىھەتچى سۈپىتىدە، كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەسكىن ئېلىش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىمىز.

سمايلىس

ۋاقىت بار چاغدا شاھانە ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېلىڭ، ئەكسىچە، كېيىن بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمەيسىز!

تورا

بۈيۈك غايىلەر ۋە ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇلار مەنبەسى بولغان شاھانە ئەسەرلەرنى، ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇشقا ئادەتلىنىڭ.

چېرنىشېۋىسكىي

قەدىمكى ھەقىقەتلەرنى سۆيۈشكە ئۈندىگۈچى كىتاب ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئېسىل كىتابتۇر.

ۋاۋېنارگ

شاھانە ئەسەرلەرنىڭ بۈيۈك قىممىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى،

ئۇلار ئادەمنى مەنتىقىي سۆھبەتكە، جىددىي ۋە سەمىمىي گەپكە، مۇلاھىزىگە باشلايدۇ.

فرانس

ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ يېڭىسىنى، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بولسا ئەڭ قەدىمىيسىنى ئوقۇغان ياخشى، كلاسسىك ئەدەبىيات زادى كونىرىمايدۇ.

بولۋار ـ لىتتون

ئەڭ ياخشى سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەكرار سىنچىلاپ كۆرۈش زۆرۈر؛ ئۇلاردا كۆز يەتمىسە چوڭقۇرلۇق يوشۇ-رۇنغان بولىدۇ.

گيوتى

ئەگەر كىتاب يۇرەكتە جاسارەت ۋە ئالىيجانابلىقنى ئويغىتىپ، قەلبكە كۆتۈرەڭگۈلۈك بەخش ئەتسە، ئۇنى دەل ئاشۇ تۇيغۇلار بىلەن باھالاڭ: بۇ سەنئەتكارنىڭ قولى بىلەن يارىتىلغان ھەقىقىي ئە-سەردۇر.

لابرىيويېر



ياخشى كىتاب ھەرقانداق سىناققىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ۋە ئۇ ئۆمۈر بويى ئەڭ جىددىي يولداش سۈپىتىدە خاتىرىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق كىتابلارنى تاللاشنى بىلىش كېرەك.

پاۋلېنكوف

ئەسلىدە قانداقتۇر يېڭىلىقنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئە-

سەرلەرنىلا كىتاب دەپ ئاتاش مۇمكىن، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ ياكى بۇ ساھەدە نېمە قىلغىنى ھەققىدە تېزرەك مەلۇمات ئېلىش ۋاستىسىدۇر، خالاس.

لىختېنبېرگ

ھەقىقىي ئالىمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك كىتابى — ئۆزىگە نېمە مەۋھۇملىكىنى راستلىق بىلەن تەن ئالغان كىتابىدۇر. مۇئەللىپ قىيىنچىلىقلارنى يوشۇرسا، ئوقۇغۇچىغا ھەممە ۋاقىت زىيانلىق.

بۇئاست

مۇقاۋا ئىچىدە، خۇددى تېرە ئاستىدا گۆپۈلدەپ قان تورۇۋاتقاندەك، ھاياتنىڭ نەپىسى ئۇرۇپ تۇرغان كىتابلار ياخشى كىتابتۇر.

كالىنىن

مۇئەللىپى پەقەت ئېيتىلىشى لازىم بولغان سۆزلەرنى تولۇق دەرىجىدە ئېيتالىغان كىتابلار ياخشى كىتابتۇر.

ئارەستۇ

ئاچقىنىڭدا ھۇزۇرلىنىپ، ياپقىنىڭدا روھىي ھالەتتە بېيىغىنىڭنى ھېس قىلدۇرغان كىتابلار ياخشى كىتابتۇر.

ئولكوتت



كۆزنى ئاچىدىغان ئاجايىپ كىتابلار بار ۋە يەنە كىشىنى ھاياجانغا سالغۇچى كىتابلارمۇ باركى، ئۇلارنى ئوقۇساڭ ھېچقاچان ئۇنتۇمايسەن.

كروپسكايا

ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى ھەمىشە ئۇ ئوقۇيدىغان كىتابلاردىن بىلىش مۇمكىن.

سمايلىس

نېمىنى ئوقۇشۇڭنى ئېيت، مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە خۇلق ـ مىجەزىنى كۆتۈپخانىسىغا كۆز تاشلاپ تۇرۇپمۇ توغرا بىلگىلى بولىدۇ.

بالان

ھېچقاچان مەنىسىز كىتابلارنى ئوقۇماڭ.

ئېمېرسون

قولغا چۈشكىنىنى ئەمەس، ئوبدان تاللاپ ـ ئىلغاپ ئوقۇڭ. دىت ۋە تەپەككۇرىڭىزنى تەربىيىلەڭ.

تۇرگېنېف

بىر قېتىمدىن كېيىن ئوقۇشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسە مۇتلەق ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ.

ۋېبېر



ئادەمنى يولغا سالىدىغان ۋە يولدىن ئازدۇرىدىغان كىتابلار بار، شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب تاللاشنى بىلىش غايەت مۇھىمدۇر.

كروپسكايا

كىتاب —بۇ جامائەت. ياخشى كىتاب جامائەتتەك تۈيغۇلار ۋە

ھەممە ئەسىرلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئەڭ ياخشى يازغۇچىلىرىنى ئوقۇش ۋە بىلىشكە بېرىلىش زۆرۈر.

تولستوي

بىلىم ئاشۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى — قورال بولغاندىمۇ ئەڭ مۇھىم قورال، — ئىنتايىن جايىدا پايدىلىنىشنى بىلىشتۇر.

كروپىسكايا

كىتاب —ئىنسان ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلسە — چەكسىز كۈچتۇر.

بلوك

ھەربىر كىتابنى ئوقۇشنى بىلىش كېرەك.

پاسكال

جاھاندا ياخشى كىتابلار كۆپ، لېكىن بۇ كىتابلار ئۇلارنى ئوقۇشنى بىلگەن كىشىلەر ئۈچۈنلا ياخشى.

پىسارېف

ئوقۇش —باشقىلارنىڭ پىكىرلىرى ياردىمىدە ئۆز شەخسىي پىكىرلىرىنى يارىتىش دېمەكتۇر.

روباكىن

ئوقۇش —پاكىتلارنى بىلىشتىلا ئەمەس. ئوقۇش گۈزەللىكنى بىلىپ تۇرۇپ، شەخسىي زېھنىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

فىدىن



بىرەر بۈيۈك ئەسەردىكى ھەممە نۇقتىلارنى تولۇق ھەزىم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقىش كېرەك ۋە باشقا ئەسەرگە ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئۇزاق ۋاقىت نەپەسنى روسلاش لازىم.

بېن

كۆزەتمەي ئوقۇش تاماق ھەزىم قىلماسلىق بىلەن باراۋەر.

بورك

ئەڭ ئاۋۋال كىتابلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلاردىكى پىكىرلەر ئالىمىگە شۇڭغۇشنى بىلىشتەك ئارزۇغا ئىگە بولۇش زۆرۈر. دىققەت قىلىڭ، بۇ يەردە ئۇلاردىن ئۆز پىكىرلىرىڭىزنى تېپىشقا ئىنتىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى پىكىرلەر ئالىمىگە شۇڭغۇشنى بىلىش ئۈستىدە گەپ كېتىۋاتىدۇ.

بېكون

ئادەملەر ئوقۇغانلىرىنىڭ كۆپىنى ئۇنتۇپ كېتىشلىرىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ بەك كەم ئويلاشلىرىدىندۇر.

لىختېنبېرگ

كىتاب بىلەن ئالاقە — ئادەم ئەقلىي كامالىتىنىڭ ئالىي ۋە بىقىياس شەكلىدۇر.

تۋاردوۋسكىي

كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنى توغرا چۈشىنىش، — بۇ يازغۇچى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش دېمەكتۇر.

پاۋلېنكو

كىتابنى، ئۇ قانداق يېزىلغان بولسا، شۇنداق ئىلدىرىماستىن، ئاۋايلاپ ئوقۇش كېرەك.

تورا

ئاستا ئوقۇشقا يارىمايدىغان كىتابلارنى، ئومۇمەن، ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

فاگې

يۇزەكى ۋاراقلاپ چىقىش — بۇ ئوقۇش ئەمەس، ئادەمنىڭ مۇقەددەس يۈرەك سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتقاندەك ئوقۇش كېرەك. كىتابقا شۇڭغۇش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ باغرىنى ئاچىدۇ ۋە سەن ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكىنى چۈشىنىسەن.

فېدىن

بىرەر ئېنىق سىستېمىغا ئاساسلىنىپ ئوقۇماسلىقتەك ۋاقىتنى بىكارغا ئوغرىلايدىغان نەرسە يوق.

تانېئېف

كۆزىتىپ ئېنىقلىماي تۇرۇپ، قانچە كۆپ ئوقۇسىڭىز، شۇنچە كۆپ بىلىۋاتقانغا ئوخشايسىز. ئەگەر ئوقۇۋاتقاندا قانچىلىك كۆپ كۆزىتىش ئېلىپ بارسىڭىز، شۇنچىلىك ئاز نەرسە بىلىشىڭىزنى ئېنىقراق ھېس قىلىسىز.

ۋولتېر

ئوقۇيدىكەنسەن، خۇددى بىرەر لۇغەتتىكىدەك ئوقۇغانلىرىڭ

خاتىرەڭنىڭ سىرتىدا قېپقالماسلىقى لازىم. ئۇلار ۋۇجۇدۇڭ ۋە قېنىڭغىچە سىڭىپ كېتىشى ئۈچۈن چوڭقۇر ئويلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇشۇڭ كېرەك.

ئېمېرسون

ياخشىسى —ئازراق كىتاب ئوقۇش كېرەككى، مۇھىمى ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، بۇ كىتابلاردىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرلىرى ھەققىدە كۆپرەك ئويلاش زۆرۈر، كىتاب ياخشى بولسا، نېمىسى ياخشى؟ شۇلارنى مۇستەقىل باھالاشقا ئىنتىلىش، ئۇ ھەقتە تۇغۇلغان مۇلاھىزىلەرنى خاتىرە دەپتەرگە يېزىپ مېڭىش كېرەك.

كالىنىن

ئەگەر بىز بىلىم ئاشۇرۇش نىيىتىدە كىتاب ئوقۇيدىكەنمىز، ئالدىرىماي ئوقۇشىمىز، كىتابلاردا ئۇچرايدىغان بىزگە ناتونۇش ھەمدە ئۆگىنىشنى خالىغان ھەممە نەرسىلىرىمىزنى يېزىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

فاگې

ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئوقۇپ چىققان بولساڭ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي پىكىرنى بىلىۋال. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن: ئوقۇغان نەرسەمدىن ئەلۋەتتە نېمىنىدۇر يېزىۋالىمەن.

سېنېكا

كىتاب —ئادەمنى بىلىمچان، سۆزمەن — سەزگۈر قىلىدۇ. يېزىۋېلىش ئادىتى بولسا ئۇنى ئېنىقلىققا ئۆگىتىدۇ.

بېكون



www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپلىمە ئوقۇش — ھەرقانچە ئىزچىل بولسىمۇ، ھەر-
قانچە تەرتىپسىز ئوقۇشتىنمۇ زىيانلىقتۇر. ئىنسانىيەت بىلىمد-
ىنىڭ پەقەت بىر ساھەسىنىلا ئۆگىنىشتەك ئادەمنىڭ ئەقلىنى تو-
گىتىدىغان، پىكىر قىلىش ئۇپۇقىنى تارايتتۇرىدىغان نەرسە يوق.
سكابىچېۋسكىي

ئادەم كۆپ ۋە ئىچىدە تېز ئوقۇشنى ئادەت قىلىشى كېرەك.
ئوقۇش جەريانى مۇتلەق ئىختىيارسىز ھالدا بولۇشغا ۋە پىكىرنىڭ
چەتنەپ كەتمەسلىكىگە ئىگە بولۇش لازىم. لېكىن، بۇمۇ يېتەرلىك
ئەمەس. ئوقۇلغان نەرسە ھەققىدە يەنە ئۆزۈڭگە ھېساباتمۇ بېرىشىڭ
زۆرۈر.
كروپىسكايا

شۇنداق كىتابلار باركى، مۇنداقلا ۋاراقلاپ چىقىشىنىڭ ئۆزى
كۇپايە. شۇنداق كىتابلارمۇ باركى، ئۇلارنى سۈمۈرۈپ، بىرئاز قىس-
مىنىلا چايناپ ھەزىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
بېكون

كىتاب ئوقۇش — ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى. ھاياتىي ئىجاد—
مانا بۇ قىممەت.
روباكىن



ئوقۇش، ئوقۇغانلىرىڭنى ھاياتقا تەتبىق قىلىش دېمەكتۇر.
دىستېرۋىگ

ئەسلەپ قېلىشنى خالىمىساڭ، ئوقۇمايلا قوي، تەتبىق قې-

لىشنى نەزەردە تۇتمىساڭ، ھېچنېمىنى ئەسلىمە.

بلينسكى

كىتابنى بۇنچىلىك ھۆرمەتلەپ ئوقۇش ئۇچۇن، يا بەك سادىدا كىتابخان بولۇش كېرەك، ياكى كىتاب مۇئەللىپى ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىگە ئۆزىنىڭ يۈرەك تارىنى قوشقان بولۇشى كېرەك.

پرشۋدن

گەپ ئوقۇش ئۇسۇلىدا ئەمەس، بەلكى ئوقۇشقا ۋە بىلىم ئې-لىشقا بولغان قايناق مۇھەببىتىدۇر.

روباكن

ئۈچ خىل ئوقۇش بار: بىرىنچىسى، ئوقۇپ چۈشەنمەسلىك، ئىككىنچى، ئوقۇپ چۈشىنىش، ئۈچىنچىسى، ئوقۇش ئارقىلىق، ھەتتا يېزىلمىغان نەرسىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىش.

كنياژنن

شۇنداق ئادەملەر باركى، پەقەت يازغۇچىنىڭ خاتاسىنى تېپىش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ.

ۋاۋېنارگ

گەرچە كىتابلار غايەت زور ئەھمىيەتكە سازاۋەر بولسىمۇ، ئۇلار مەرىپەتنىڭ يالغۇز مەنبەسى ئەمەس، پەقەت كىتابلاردىن ئە-مەس، ھاياتتىنمۇ ئۆگىنىش كېرەك.

كروپىسكايا

كىتابنىڭ ۋەزىپىسى ھاياتنى بىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە



www.uyghurkitap.com

تېزلەشتۈرۈشتۇر. لېكىن، ئۇ ھاياتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

كورچاك

ھاياتقا ئىشەن. ئاخىرى ئۇ ھەرقانداق كىتابتىنمۇ ياخشى تە-لىم بېرىدۇ - غۇ.

گيوتى

ھايات دائىما ئەڭ ياخشى كىتاب ئۆگەتكەندىنمۇ كۆپرەك نەر-سىنى ئۆگىتىدۇ. كىتابنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى قورال ۋە دەرس-لىكتۇر. ھاياتنى كىتابلار يەنى نەزەرىيىلەر بىلەن تەكشۈرۈش كې-رەك ئەمەس. بەلكى، بۇنىڭ پۈتۈن ئەكسىنى قىلىش لازىم.

روباكىن

پەن كىتاب ئوقۇش، ھەمدە شەخسىي مۇستەقىل ئەمگەك نە-تىجىسىدۇر. ئۇ كىتابلاردىن ۋە ھاياتتىن ئېلىنغان بىلىملەر مەج-مۇئەسىدۇر.

چېرنىشېۋىسكىي

ئايرىم كىشىلەر كىتابنى، خۇددى ئەقىل ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قولدا ئويناش ئۈچۈن يېزىلغاندەك، ھەجىمگە قاراپ باھالايدۇ.



گراسئان

ھەقىقەتەن كۆپ ئادەملەر ئويلىماسلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇيدۇ.

لىختېنبېرگ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بىز ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئوقۇيمىز. شۇڭا كۆپ ئوقۇيمىز-مىزكى، ھەتتا ئاڭلاشنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

ستىپفېنسن

ئىنساننى ئۇنتۇپ، پەقەت كىتابنىڭ ئۆزىگە چوقۇنىدىغان كىتاب مەستانىلىرى، كىتابپەرەسلەر ۋە كىتابخورلارغا ئىچىنىدۇ كىشى.

روباكىن

ئەگەر ھەممە نەرسە ئۆزلۈكسىز ئوقۇۋېرىلسە، كېيىن ئوقۇل-غانلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلمىسە، ئۇلار يىلتىز تارتمايدۇ. كۆپچىلىكى يات ۋە يوق بولۇپ كېتىدۇ.

شوپېنگائۇئېر

ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئوقۇيدىغانلار مەستانىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۇيقۇدا ياشايدۇ. نازۇك زەھەر مېڭىلىرىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ماددىي دۇنياغا نىسبەتەن ھېسسىياتسىز قىلىپ قويىدۇ.

فرانس

ئايرىم ئادەملەرگە كىتاب ئوقۇش پەقەتلا يېقىملىق ھاردۇق، ئالىي دەرىجىدىكى ھەشەمەت ھېسابلىنىدۇ.

سمايلىس

بىز كىتابلار ئالىمىدە ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ، ئەمما تەبى-ئەتتە بولسا، كەم ياشايمىز.

فرانس

بىزنىڭ ئەسىرىمىزدە ئادەملەر بەك كۆپ ئوقۇشىدۇ. بۇ ئۇلار. نىڭ دانىشمەن بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ.

ئۇئايىند

«كۆپ ئوقۇڭ»، دېگەن مەسلىھەت ھەممىگىمۇ توغرا كېلىۋەرمەيدۇ.

روباكىن

ئوقۇشنى سۇيىئىستېمال قىلىش پەننى بەربات قىلىدۇ. كى. تابقا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنۇش مەنمەنچى، يىراقنى كۆرمەيدىغان. لارنىلا يېتىشتۈرىدۇ.

روسسو

ئاچلىققا نىسبەتەن ياۋايىلارچە تاماق يېيىش ئادەمگە كۆپ زى. يان يەتكۈزگەندەك، ئارتۇقچە كىتاب ئوقۇشمۇ، ئۇنىڭ ئەقلىگە زى. يانلىق بولۇشى مۇمكىن...

پېتراركا

كىتابلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپلۈكى پىكىرلەرنى چې. چىۋېتىدۇ.



سېنېكا

ئۇقۇمۇشلۇق ئەزمە — ئەخمەقنىڭ ئەڭ ئەشەددىي تۇرى.

تېيلور

نەشرىيات ئورۇنلىرى ئاڭلىق ئېتىبارىنى قەدىمكى ۋە ھازىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قى مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يەردە قالدۇرماي ئاۋۋال نەشر قىلىشقا قارىتىشى، مىللىي يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تەل خىرسىز تولۇقلاشقا قارىتىشى، چەتنىڭ نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان نەشرىياتچىلىق مەلۇم قىسمەنلىك سالمىقىدىن ئارتىپ كەتمەسلىكى لازىم. نەشرىيات خادىملىرى — ئاڭلىق ۋە ئومۇمىيلىق قارىشىدىكى نەشرىيات خادىملىرى ئۇچۇن ئۆز خەلقى ياراتقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرنى ئۇنىڭدا ئېلان قىلىش قىممىتى (ھەتتا كېيىنكى كاتېگورىيىلىك قىممىتى) بولسىلا، ئېلان قىلىشتىنمۇ شەرەپلىك تارىخىي ئىش يوق! قەدىمكى كىشىلەر ئەگەر دائىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق، يەردە قويماي بىزگە يەتكۈزمىگەن بولسا، بىز ھېلىغىچە ئىزوپ مەسەللىرى، ئەرەب جەڭنامىلىرى، ھىندىستان چۆچەكلىرى ۋە ياۋروپا لىرىكىلىرىدىن باشقا ئۆزى ھەققىدە خەۋەرسىز مىللەت بولۇپ قالماسمىدۇق؟!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

كۆپلەپ ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلالمىغان نەشرىيات يوپۇرماق چىقىرىپ مېۋە بەرمىگەن دەرەخكە ئوخشايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» تىن

كىتاب —يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت يازما تارىخ ۋە كىتاب سەھىپىلىرىگە بىلىش ۋە ئىپادىلەش جەۋھەرلىرىنى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز تۇرمۇشى، ئالەم قاراشلىرى ۋە روھىيەت ئۆركەشلىرىنى قىيا تاشلارغا، قورچاق ياكى تاش ـ سۆڭەك، برونزا بۇيۇملىرىغا، كاھىش قاچىلارغا ھەرخىل قىياپەتلىك ياكى سىمۋوللۇق رەسىم ۋە تام-

غا ـ بەلگىلەر بىلەن چېكىشكەن. ماقال ـ تەمسىل، ئەپسانە ـ رىۋا-
يەت، مەسەل ـ چۆچەك، ناخشا ـ قوشاق شەكلىدە ئەقىل دەستۇرلى-
رى تۈزۈشكەن. مانا بۇلار كىتاب شەكلىگە كىرمىگەن «كىتاب»
تىن ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب —كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە
ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدىن
ئىبارەت.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

ياخشى كۇتۇپخانا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جا-
ھانىنەما ئەينىكى بولۇپ، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن
ھالقىغان دۇنياۋى ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

ئىنسان كىتاب ئارقىلىق پۈتكۈل تارىخنى قىياسى ھالەتتە
باشتىن كەچۈرىدۇ.
ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن



كىتاب بىزنى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى، ۋارد-
سى قىلىدۇ. پۈتۈن ماددىي روزغارلار، بىنالار، بانكىلار، شەھەر ۋە
مەملىكەتلەر، ھەتتا پۈتۈنسۈرۈك مىللەتلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ،
پەقەت كىتاب يوقالمايدۇ. بىز كىتاب شارابىتىدىن قەدىمكى ئەپسا-

www.uyghurkitap.com

نە ـ رىۋايەتلەرنى، خانىدانلىقلار قىسسىلىرىنى، پەلسەپە جەۋھەر- لىرىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلەلەيمىز.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى. ئۇلۇغ تارى- خىي سىيمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى تىرىكلىك دەرگاھىغا مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغا مۇقەددەس ئوچاق. ئەگەر كىتاب بول- مىغان بولسا دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇ- تۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىرەر خەزىنىگە ئىگە. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ روھىيەت قەسرىسى بولغان كىتابتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ھەر بىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتابسىز شەخس مەيلى ئۇ باي مىراسخور ياكى ئالتۇن خە- زىنە ئىگىسى بولسۇن، ئۇ بەختسىز ۋە بەختسىزلىكىدىن خەۋەرسىز ناداندۇر. ئۇ يۈز يىل ياشىسىمۇ مەدەنىيەت تارىخىدىن ساۋاتسىز ئۆمرىكۆتە بەندە ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. نادانىنىڭ بىر ئەسىرلىك ئۆمرى بىلىملىك كىشىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدىن كۆپ قىسقا ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب قەلبنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان نۇر نۇسرىتىنى ھەرقانداق زىننەت بۇيۇملىرىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇ قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، روھىيەتنى بېيىتىپ، ئۆمۈرنى مەنىۋى بەخت ۋە يۈكسەك نەزەر بىلەن بېزەيدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزىگە مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئاشنالىرى خۇددى ئالماستەك يارقىن بولسا، نادانلىق ئېچىللىرى بەئەينى گۆشىيىپ تۇرغان قارا تاشقا ئوخشايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب —مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن



نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، پۇل تېجەش ئەمەس، بەلكى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يولدا كىتاب بىلەن ھەپىلىشىشتۇر. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدىكى بايلىق توغرا تاناسىپتۇر. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ئەقىدىگە چاپلىشىۋالغان مىللەت گادايلىققا ۋە ئۇنىڭ باش

جىنايەتچىسى بولغان نادانلىقنا چىك ئەقىدە باغلىغان مىللەتتۇر. نادانلىققا قارشى ئاتلىنىشقا جۇرئەت قىلغاندىلا، بەخت يولى ئېچىلىدۇ، بۇ ئەپسانە ئەمەس، پولاتتەك ھەقىقەتتۇر. پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب —لوقمان ھېكىم. كىتاب — رۇستەم پالۋان. كىتاب —بەخت قۇشى — ئەنقا، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب دېڭىزىدا قانداق جاۋاھىرات يىغىدىغان غەۋۋاس بولۇش، مۇھىم ماھارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئوقۇغۇچى كىشى ئۇچۇن ئومۇمەن ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە دائىر كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن تاشقىرى، ئۈچ خىل كىتاب ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاساسىي بىلىم كىتابلىرى. بۇ خىل كىتابلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ، چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت ـ بالداق بولغان كىتابلار بىلەن مەلۇم ساھە بويىچە ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتقۇچى كىتابلار. بۇ

خۇددى ئاۋىئاماتىكىغا ياندىش يۇرگەن پاراخوت ـ كېمىلەرگە ئوخشاش ئالاقىدار ئوبيېكتلاردىن بىلىم ۋە ئۇچۇر بېغىشلىغۇچى كىتابلار بولۇپ، ئۇ ئاساسىي بىلىم كىتابلىرىنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇچىنچى، بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغۇچى كىتابلار. بۇ خىل كىتابلارغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئەسەر ياكى ئويۇن ـ كۆر-گەزمىلەر، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرنەك، قوللانما، مەسلىھەت بەرگۈچى كىتابلار كىرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب كۆرۈش ئېغىر زېھنىي ئەمگەك. شۇنىڭدەك يەنە كۆ-ڭۈللۈك ساياھەت. ھەرخىل كىتابلارغا بولغان كىتاب كۆرۈش تە-لىپى ۋە ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ. بىر قۇر كۆرۈپ قويىدىغان، مەلۇم باب ۋە سەھىپىلىرىنى تاللاپ كۆرىدىغان، تەپسىلىي كۆرىد-غان، تەكرار كۆرىدىغان كىتابلار بولىدۇ. بەزى كىتابلارنىڭ پەقەت مۇندەرىجىلىرىنى ۋاراقلاپلا، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بىلىم قۇرۇلمى-سىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇپ قويۇلىدۇ. ئومۇمەن تەپسىلىي ۋە تەكرار كۆرۈلىدىغان كىتابلار ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت، قەلەم ـ خاتىرە ھازىرلىنىدۇ. ئۇنداق كىتابلارنىڭ بىر قانچىسىنى بىر يۈرۈش قىلىپ، سىستېمىلىق كۆرگەن ياخشى.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

سەن ھەمىشە ئامىباب، گېزىت سەۋىيىسىدىكى چۈشىنىش-لىك ماتېرىياللارنى ياخشى كۆرسەڭ، مەڭگۈ ئۆز ئىزىڭغا سەكرەپ قېلىۋېرىسەن. مېنىڭچە، تۇگمەنگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە

بولۇپ قالغان ياخشى ئەھۋال ئەمەس، لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولغىنىڭدا ھۇرۇنلۇق بىلەن كايىماي يېڭى بىر بالداق كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك روھلان!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئوقۇش مەقسەت ئەمەس، ۋاستە. بارلىق تەلىم - تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە ئوخشاشلا كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەتمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق بىر ھالقىسى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت نوقۇل ئالىم بولۇش ئەمەس. مۇھىمى ھەقىقىي ئادەم بولۇش بولۇپ، بۇنى ئومۇمىي خەلققە كۆتۈرۈپ ئېيتقاندا، پۈتۈن مىللەتنىڭ بىلىملىك، روھىي دۇنياسى باي، يېڭى ئەۋلادلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ، شەخسنىڭ كىتاب ئوقۇشى، ئائىلىلەرنىڭ كىتاب زاپىسىغا ئىگە بولۇشى، مەكتەپلەرنىڭ كىتاب تەربىيىسى ۋە نەشرىياتلار كىتاب چىقىرىشى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت ۋە غايىدە پائال ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

ئۆيگە كىتابنىڭ كىرىشى زىبۇ زىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرى.

نىڭ كىرىشىدىن ئاۋۋال ۋە ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇلىدىكەن، ئىجتىما-ئىي ۋە ئائىلىۋى بەخت بىزگە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بىزدە نادان ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئەمەس، مەدەنىيەتلىك ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان كەيپىيات تۇرغۇزۇلغىنىنى ياخشى. بىلىش كېرەككى، مەدەنىيەتسىز ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئەنقا (بەخت قۇشى) نىڭ سايىسى بىردەملىكلا!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

نەشر - ئەپكار ئىستراتېگىيىلىك بىناكارلىق. ئۇ ئۇل، ئا-ساس، نۇقتا، دائىرە، ئىچكى - سىرتقى چەمبەرنى پەرقلىق ھەم ئەت-راپلىق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەشر - ئەپكار مىللىي مەدەنىيەت تارىخىي خاراكتېرلىك قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش مەدەنىيەت، مائارىپ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم - پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە، ئىقتىسادىي ۋە كىتاب بايلىقتا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشى-مىزنى تەقەززا قىلىدۇ. باھار ئۆزى شامال ئەمەس، ئەمما باھار شامال بىلەن كېلىدۇ. يېڭى شەيئىلەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى ۋە چاڭ - توزانلىرى تەرىپىدىن روشەن كۆرۈنمەيدۇ. ھازىرقى بىر مەزگىللىك روھىي ھودۇقۇشمۇ شۇنداق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن



كىتاب —ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئەلئېھرام. ئۇ ھەممىنى، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادى-

سىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان. كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دىن

كىتاب ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى پەلەمپەي ھەم ئەقىل - پاراسەتنىڭ بۇلىقى. كىتاب ئوقۇش ئەڭ ئاساسلىق ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر، شۇنداقلا ئۇ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى چۈشىنىشنىڭمۇ بىرخىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ، بىزدە كەڭ دائىرىلىك قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا قىلىدۇ؛ بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى كەمچىللىك، ئىللەتلەرنى يېڭىپ، تەربىيىلىنىشىمىزنى كۈچەيتىشىمىزگە ئەڭ ياخشى يېتەكچى بولالايدۇ؛ بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ماھارەتلىرىگە ئېرىشىمىز، بىلىدىغان سۆزلىرىمىز كۆپىيىدۇ. تىلنى ياخشى ئىگىلەپ، ئوقۇپ چۈشىنىش، ئەستە تۇتۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلھامىدا تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلىنەلەيمىز؛ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى قوزغىيالايدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن



بالىلاردا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماھارەتلەرنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ:

* پەرزەنتلەرنىڭ قىزىقىشىنى بىلىشىمىز كېرەك. ھەم-

مىلا كىتاب ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا سىز قانداق كىتابلارنىڭ پەرزەنتىڭىزدە ھەۋەس قوزغىيالايدىغانلىقىنى بىلگەنگە قەدەر توختىماي سىناق قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

* پەرزەنتىڭىزنى ئەركىن تاللىغىلى قويۇڭ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى تاللىغان كىتابلارنىڭ ئۇلارنىڭ روھىي، جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، مۇھىمى كىتابنىڭ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق بېغىشلىيالىغانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

* ھەرگىز زورلاپ تاڭماسلىق كېرەك. پەرزەنتىڭىزنى مۇئەييەن كىتابنى ئوقۇپ بولىسەن، دەپ مەجبۇرلىماڭ، شۇنداقلا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ۋاستىسى بىلەن ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا زورلىماڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئوقۇشنى خالىمايدىغان كىتابنى مەجبۇرىي ئوقۇپ تۈگىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىتابلاردىن قانغۇچە بەھرىلەنسۇن، سىز ئۆزىڭىز مەجبۇرىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماي، ئۇنىڭدا كىتاب ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ ئۇزلۇكسىزدىن شەكىللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈڭ.

* ئائىلىدە كىتاب ئوقۇشنىڭ ياخشى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈڭ. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، جىققىدە كىتابلار تىزىقلىق ئۆيدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلار كەلگۈسىدە كىتابقا مەستانە بولۇپ چىقىدىكەن. شۇڭا شارائىتىڭىز يار بەرسە، پەرزەنتىڭىزنىڭ ھۇجرىسىغا بىر كىتاب ئىشكاپى قويۇپ، ئۈستىگە ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تىزىپ قويۇڭ. ئەگەر سىزمۇ كىتاب كۆرۈشكە ئامراق بولسىڭىز، بۇنى پەرزەنتىڭىزگىمۇ بىلدۈرۈڭ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىتاب كۆرۈڭ.

* پەرزەنتىڭىزنى كىتاب سېتىۋېلىشقا بىللە ئاپىرىڭ، ئۇنىڭغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى تاللاتقۇزۇڭ. ئارىدىن بىرەر مەزگىل ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىن ئۆزى تاللاپ ئالغان كىتابنىڭ مەزمۇنلارنى سوراپ بېقىڭ ياكى بۇنى باشقا كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرغۇزۇڭ.

* ئائىلىۋى كىتاب ئوقۇش ھەپتىلىكى قانات يايدۇرۇپ، بىرىڭلار بىردىن كىتابنى تاللاڭلار. ئاندىن تەسىراتىڭلارنى ئالماشتۇرۇڭلار. پەرزەنتىڭلارنى ئۆزى ئوقۇغان كىتابنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭلار.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

پەرزەنتىڭىز كىتاب بىلەن خۇشى يوق چىقىپ قالسا، ئۇنىڭدا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشكە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. بىراق ھەرگىز ئۈمىدىڭىزنى ئۈزمەڭ، كىتابنى سۆيۈش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش ئۇنىڭغا بېرىلىگەن ئەڭ ئېسىل، ئەڭ بۈيۈك سوۋغىڭىز بولۇپ قالىدۇ، بۇ سىزنىڭ ئۇنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، ئەڭ ياخشى شەخسىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقىنىڭىزدىنمۇ ئەۋزەل، ھەتتا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومىدىنمۇ مۇھىم.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

كىتاب ئوقۇش — ئۆمۈرۋايەت پايدا يەتكۈزىدىغان تۇرمۇش شەكلىدۇر.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

كىشىلەر تۇرمۇشنى «بىر پارچە كىتاب» دەيدىكەن. ئۇنداقتا كىشىلىك ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا «بىر پارچە كىتاب» تۇر. كىشىلىك ھاياتتىن ئىبارەت بۇ كىتابتىكى نەرسىلەرنى سەن دەرسلىكلىرىڭدىن تاپالمايسەن. باشقىلارنىڭ جىسمىدىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر دەرسلىكلىرىڭدىكى بىلىمنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. كىتابتىن ئۆگەنمەك ئاساس بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن بىلىم ئېلىشقا ناھايىتى ئاز ۋاقىتنى سەرپ قىلىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىزدا كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن زور. شۇڭا كىشىلەر «كىتاب دېگەن ئالتۇن قەسىر» دېيىشىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

زېھنىڭنى ئەھمىيەتسىزلا كىتابلارنى ئوقۇشقا ئىسراپ قىلما. ھازىر كىتاب ناھايىتى نۇرغۇن، مەزمۇنى كەڭرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىدىيىسى پاسسىپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ماھىيەتلىك مەزمۇنىمۇ يوق دېيەرلىك. كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت— بىلىم ئېلىش، ئۆزۈڭنى بېيىتىش. ناۋادا قولۇڭدىكى كىتاب مۇشۇ ئېھتىياجىڭدىن چىقالمىسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزۈڭگە پايدىلىق كىتابنى تاللا.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



بىر پارچە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈر. كىتاب كۆرگەندە ئادەم ھارىدۇ، بۇ مۇقەررەر. لېكىن ناۋادا شۇنىڭلىق بىلەن كىتابنىڭ يېرىمىنى ئوقۇپ چۆرۈپ تاشلاپ باشقا ئىشقا تۇتۇنساڭ، كىتابتىكى چوڭقۇر مەزمۇنلارنى قانداقمۇ تولۇق چۈشىنىـ

www.uyghurkitap.com

نەلەيسەن؟ كىتاب ئوقۇشتەك تىرناقچىلىك ئىشتىمۇ يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتسەڭ، قانداقمۇ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلالايسەن؟

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

كىتابنى نىشانلىق ئوقۇغىن. شۇنداق قىلساڭلا ئوقۇغان كىتابىڭدىن مول مەنپەئەت ئالالايسەن. كىتابنى نىشانسىز ئوقۇش ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ھەم ئادەمنى ھورۇنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

نېرۋاڭ چارچاپ قالغان چاغلاردا پۈتۈن زېھنىڭنى يىغمىسا چۈشەنگىلى بولمايدىغان كىتابلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرگىز ئوقۇما. ناۋادا نېرۋاڭ چارچاپ قالغان چاغلاردا ئاشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇساڭ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق كىتابلارنى چوقۇم روھىڭ كۆتۈرەڭگۈ، زېھنىڭ ئوچۇق چاغلاردىلا ئوقۇغىن. بۇ دىققىتىڭنى يىغىشقا پايدىلىق. ھازىر كىتاب ـ ماتېرىيال تاپماق ناھايىتى ئاسانلىشىپ كەتكەچكە نۇرغۇن كىشىلەر كىتابنى ئانچە ئەستايىدىل ئوقۇپ كەتمەيدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



كىتاب ئوقۇشنى ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماي، ئۆزۈڭگە مەنپەئەتسىز كىتابلىرىڭنى بالدۇرراق بىر تەرەپ قىلىۋەتكىن.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

بەزى كىتابلارنى باشقىلار ئوقۇپ چىقسا، سىز ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشىڭىزلا بولىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش سۈپىتى ناچار

كىتابلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ياخشى كىتابمۇ خۇددى پارلاندۇرۇلغان سۇغا ئوخشاش تەمسىز كېتىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

كىتاب ئوقۇغاندا، كىشىنىڭ كاللىسى تولۇقلىنىدۇ؛ مۇھاكىمە ۋە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىدۇ؛ خاتىرە قالدۇرغاندا، بىلىمى مۇستەھكەملىنىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

تارىخ ئوقۇش كىشىنى ئاقىلانە قىلىدۇ، شېئىر ئوقۇش كىشىنى زېرەك قىلىدۇ، ماتېماتىكا ئۆگىنىش كىشىنى پۇختا قىلىدۇ، پەلسەپە كىشىنى يۈزە كۆز قاراشتىن خالىي قىلىدۇ، ئېتىكا كىشىنى ئەدەبلىك قىلىدۇ، لوگىكا كىشىنى مۇنازىرىگە ئۇستا قىلىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

كىتاب ئوقۇش ئادەمنى تويۇندۇرىدۇ، پىكىر قىلىش ئادەمنى تېرەنلىككە ئېلىپ ماڭىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدۇ.

فرانكلىن



كىتاب ئوقۇش ئادەمگە خۇشاللىق، شەرەپ ۋە تالانت ئاتا قىلىدۇ.

بېكون

كىتاب ئوقۇش ھەۋەسكارى مەنىسىز ۋاقىتنى مەنىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ۋاقىتقا ئايلاندۇرالايدۇ.

مونتېسكيۇ

كىتاب ئوقۇش بىر خىل ئالىيجاناب ئەقىل ـ ئىدراكنى تاۋلاشتۇر.

سورېئو

ھەربىكەت بەدەننى تاۋلىغاندەك، كىتاب ئوقۇش ئىدىيىنى تاۋلايدۇ. ھەرىكەت ئادەمنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، كىتاب ئوقۇش ئادەمنى مۇكەممەللەشتۇرىدۇ.

ئېدىسون

ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش ئۆتكەن دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئادەملىرى بىلەن پاراڭلاشقانغا ئوخشايدۇ.

دېسكارتېس

ئادەمنى ئالغا ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلىدىغان كىتاب ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان كىتاب.

ئېمېرسون

كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىر خىل ساپ خۇشاللىقتۇر.



ترولوپې

قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ كىتاب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەۋەس ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىش.

بۇرگېس

كىتاب ئوقۇشنى بىلىش دېگىنىمىز، سەممىيلىك بىلەن ھەقىقىي قىممىتى بار كىتابلارنى ئوقۇش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ قىممىتى تولىمۇ يۇكسەك.

سۇرېئۇ

كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق پەقەت بىلىمنىڭ ماتېرىيالىغىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنى ھەقىقىي بىلىمگە ئايلاندۇرۇشتا تەپەككۇر ئىقتىدارىغا تايىنىش كېرەك.

لوككې

كىتاب ئوقۇش پىكىر يۇرگۇزمەسلىك بەلكىم ئادەتتىكى ئادەملەرنى بىلىمگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى ھەرگىزمۇ ئاچالمايدۇ.

نورردىس

ئادەم تىرىك، كىتاب ئۆلۈك، تىرىك ئادەم ئۆلۈك كىتابنى ئوقۇپ تىرىلدۇرەلەيدۇ، ئۆلۈك كىتاب تىرىك ئادەمنى ئۆلتۇرەلەيدۇ.

گومورو



ئالدىراپ يۇز كىتاب ئوقۇغاندىن، تېگىگە يېتىپ بىر نەچچە كىتاب ئوقۇغان ياخشى.

ئوسبورنې

كىتاب ئوقۇش قەرز ئالغانغا ئوخشايدۇ، كىتاب ئوقۇش جەريا-

نىدا ئېرىشكىنىنىڭ قەرز قايتۇرغان بىلەن باراۋەر.

لىختېنبېرگ

كىتاب پۈتۈن دۇنيانىڭ ئوزۇقى، تۇرمۇشتا كىتابى بولمىسا، زېمىندا قۇياش بولمىغانغا ئوخشاش؛ ئەقىل ئىگىسىدە كىتاب بولمىسا، قۇشتا قانات بولمىغانغا ئوخشا.

شېكىسپىر

كىتاب ياشلىقتا يېتەكچى بولىدۇ، ياشانغاندا ئەرمەك بولىدۇ.

كولىر

كىتاب ـ مەدەنىيەت يەتكۈزگۈچى

تۇچمان

كىتاب دۇنيانىڭ بىباھا بايلىقى، دۆلەت ۋە تارىخنىڭ ئىسىل مىراسى.

سۇرېئۇ

ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىلىمىنىڭ ئوبرازى كىتابتا مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۇپرىتىشىدىن ساقلىنالايدۇ ھەم مەڭگۈ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

باكون

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىشلىگەن، ئويلىغان، ئېرىشكەن ياكى مەۋجۇت بولغان نەرسىلەر خۇددى سېھىرلىك ساقلاش ئۇسۇلىدەك كىتاب بەتلىرى ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. كىتاب كىشىلەر ئىنى-

چىكىلەپ تاللاپ چىققان بايلىق.

كارلىل

بىز موھتاج بولغان كىتاب قەلبىمىزدىكى مۇز دېڭىزىنى گۇمران قىلىۋېتەلەيدىغان ئۆتكۈر پالتا بولۇشى كېرەك.
كافكا (ئاۋستردىيە)

ھەقىقەتكە باي كىتاب خاسىيەتلىك ئاچقۇچ، ئۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق بەختنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

ۋۇ بوشياۋ

پەقەت ئالەم بوشلۇقىدىلا كىتاب يوق، بۇ پەقەت بىر خىل بىخلىنىۋاتقان غايە. ئەگەر ئالەم بوشلۇقىدا كىتاب بولسا، ئىلىم - پەننىڭ ئىپتىدائىي شەكلى پەيدا بولاتتى.
ھيۇگو

بىر ئائىلىدە كىتاب بولمىسا، بۇ بىر ئېغىز ئۆيدە دېرىزە بولمىغانغا ئوخشاش.

جونسون

ئەسەر قانچە ياخشى بولسا، ئوقۇرمەنگە قالدۇرغان پىكىر قىلىش دائىرىسى شۇنچە كەڭ بولىدۇ.



خ. جېكسون

نادىر بىئوگرافىيە خۇددى شۆھرەتلىك كىشىلىك ھاياتتەك قىممەتلىك.

كارلىل

www.uyghurkitap.com

ئەسەر قانچە ياخشى بولسا، ئوقۇرمەنگە قالدۇرغان پىكىر قىلىش دائىرىسى شۇنچە كەڭ بولىدۇ.

خ. جېكسون

بەزى كىتابلارنىڭ يېزىلىش مەقسىتى بىزگە بىر نىمىنى ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ نىمىلەرنى ئوقىدىغانلىقىنى بىزگە بىلدۇرۇش.

گيوتى

كىشىلەر ئۇمىد بىلەن ئىچىپ، نەپ بىلەن ياپقان كىتاب ياخشى كىتابتۇر.

ئالكوت

تۇرمۇش بىلىملىرى بولمىغان كىتاب بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەز.

جونسون

كىتابنى ئەڭ قەدىرلىگەن ئادەم ئەڭ ئەقىللىق ئادەمدۇر.

ئېمېرسون

نۇرغۇن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كىتابقا باغلىۋالغان ئادەم كىتابتىن ئايرىلسا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

توماس برووۋنې

كىتابتىن ئىبارەت بۇ «مۆرەككەپ ۋە ئۇلۇغ مۆجىزە» نى ھە-

قىلغەنمۇ ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى قاچىلانغان باي خەزىنىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇ ھېكمەتلىك خەزىنىدىكى بايلىقتىن ھەممىلا كىشى ئوخشاش بەھرىمەن بولالىغان ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەي، ئېتىبارسىز قارىغان بولسا، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خەزىنىدىن سۈزۈۋالغان ئەقىل دۇردانىلىرى بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ، ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدىكى مېليونېرلاردىن بولۇپ قالغان.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» تىن

كىتاب ئىنسانلارغا روھىي ئوزۇق بېرىدۇ. مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىدۇ، تۇرمۇشىنى نۇرلاندۇرىدۇ.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» تىن

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىتاب ئالدى بىلەن ئۇلار ئۇچۇن ئىجادىي قىزىقىشنى شەكىللەندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالىدۇ. كىتابنى كۆپ ئوقۇشتىن، يېزىقچىلىق ھەۋىسى تۇغۇلىدۇ.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» تىن



يازغۇچى تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى قېلىپقا سالىدىغان ئەدەبىي تېخنىكىغا دائىر بىلىملەرنى ئەدەبىي تىلنى توغرا ئىشلىتىش ۋە ئۇنى بېزەش ئۇسۇللىرىنى پەقەت كىتابىي بىلىمگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئۆگىنىۋالالايدۇ ۋە ئۆز تەسىراتلىرىنى ئەقلى بىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدۇ.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» تىن

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆمۈرلۈك نىشانى قىلغان ھەر بىر كىشى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پېشۋالارنى ئۈلگە قىلىپ، كىتابنى ئۆزىگە دوست تۇتۇشى، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۆپرەك كىتاب ئوقۇپ، ئىشكابىدا كۆپرەك كىتاب ساقلىشى لازىم.

هاجى ئەخمەت كۆلتېكىن: «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» تىن

كىتاب ئوقۇش، كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر بىلىم ئېلىش يولىدۇر. كۆپچىلىككە ئايانكى، كىشىلەر ئومۇمەن مۇنداق ئىككى يول ئارقىلىق بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ: بىرى، ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىۋاستە بىلىم ئېلىشتۇر: يەنە بىرى، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ۋاستىلىك بىلىم ئېلىشتۇر.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كىتابىي بىلىم گەرچە ۋاستىلىك بىلىم ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ئارقىلىق يەكۈنلە-نىپ بارلىققا كەلگەن بولىدۇ، شۇڭا كىتابتىن كەلگەن بىلىممۇ ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن بى-لىم يەنىلا نۇرغۇن ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، زاماننىڭ چەكلىمى-سىگە ئۇچرىمايدۇ، مۇبادا بىر ئادەم ئىپتىدائىي دەۋرگە قايتىپ، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ كۆر-مەكچى بولسا، ئۇ بىر خام خىيال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن تارىخ دەرسلىكى كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق، نەچچە ئون مىڭ يىللىق ۋاقىت پەرقىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تامامەن بىلگىلى بولىدۇ.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىلىم ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.
«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

گوركىي: «كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇغانسېرى، ئادەم روھىي جەھەتتە شۇنچە ساغلام ۋە قەيسەر بولىدۇ».
«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەرمەي، كىتابنى ياقتۇ-رۇپ ئوقۇغان بىلەنمۇ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، كىتاب ئوقۇغاندا تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش، زوقلىنىش ۋە باھالاشقا ماھىر بولىدىغانلا بولساق، كىتاب ئوقۇشتا جەزمەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.
«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

بىر بەت كىتابنى ئوبدان ھەزىم قىلىش، بىپەرۋالىق بىلەن بىر كىتاب ئوقۇغاندىن ئەلا.
مىكا ئۇلاي

كىتاب ئوقۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، كىتابتىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ ئوقۇپ، سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىنى ئىگىلىۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەخسۇس «پەرق ئېتىپ ئوقۇش» دېيىلىدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا توغرا پەرق ئېتىپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىش لا-زىم. پەرق ئېتىپ ئوقۇش ئەگەر پۇختا بولمايدىكەن، خۇددى ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىنى ئېنىق چۈشەنگىلى بولمايدۇ.
«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كىتابنى كۆپ ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلمىساڭ ناھايىتى جىق بىلىدىغاندەك ھېس قىلىسەن، لېكىن كىتابنى ئوقۇپ قانچە كۆپ مۇلاھىزە قىلساڭ، بىلىدىغانلىرىڭنىڭ يەنىلا ناھايىتى ئاز ئىكەن-لىكىنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈۋالالايسەن.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

تۇرمۇشتا كىتابنىڭ بولماسلىقى، كۈن نۇرىنىڭ بولمىغان-لىقى بىلەن باراۋەر.

شېكىسپىر

ھەرخىل ئەخمىقانە ئىشلار ھەر كۈنى ياخشى كىتابلارنى ئو-قۇش نەتىجىسىدە خۇددى ئوتتا قاقلىغاندەك تەدرىجىي ئېرىپ تۈ-گەيدۇ.

ھيۇگو

كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇساڭ، قەلىمىڭ شۇنچە راۋان بولىدۇ.

دۇفۇ

ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ ئۆلۈك ھالدا كىتاب ئوقۇغان كىشى-لەر، چۈشىنىش جەھەتتە ھامان چوڭقۇرلىشالمايدۇ، ئۆگەنگەن بى-لىملىرىنىمۇ تولۇق ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كىتاب ئوقۇشتا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ چۈ-شەنچىسىنى ئىسپاتلاپ كۆرگەندىلا، ئاندىن ئىگىلىگەن بىلىمنى

تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىتابنى بىلىمنى پۇختا ئۆز-لەشتۈرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇشمۇ كىتاب ئوقۇشنىڭ مۇھىم بىر خىل ئۇسۇلى. كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇش گەرچە جانلىق، ئىزچىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈ-شىنىش جەھەتتە، چوڭقۇرلۇقنى ئەمەس، بەلكى ماقالىنىڭ ئومۇ-مىي مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىشلا تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇش، باھا بېرىشتە ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىش ئەمەس، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى قىممەتتى بار قىسىمىنى بايقاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«كىتاب ئوقۇغاندا» دىن

ئەگەر مەن كىتاب ئوقۇشا ئۇرۇنسام، سۆزسىزكى، ھەممەيلەن-نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايمەن، ھەتتا بۇ كىتابخانىمۇ تاقىلىپ قې-لىپ، سودا قىلالماي قېلىشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە ياخشى ئىش قىلىمەن — ئەڭ زور ئىقتىدارىمنى كۆرسىتىمەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق، ئاخىرغىچە شۇنداق قىلماقچىمەن. ئەگەر ئاخىرىدا مېنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئىسپاتلانسا، ئۇ ھالدا ئون پە-رىشتە مېنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئۈستىدە قەسەم ئىچكەندىمۇ، ئۇ-نىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

ئابراھام لىنكولىن

كىتاب بەزىلەرنى بىلىملىك قىلىدۇ، لېكىن يېيىشنى بى-لىپ ھەزىم قىلىشنى بىلمەيدىغان يەنە بەزىلەرنى بۇنىڭدىن ئېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدائى تارقاتقۇچىسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭغا تاشلايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

پېندداك

كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈش ھاياتتىكى زېرىكىشلىك ۋاقىتنى غايەت زور راھەتلىك پەيتكە ئايلاندۇرغانلىق بولىدۇ.

مونتېسكيۇ

بىر كىتاب خۇددى بىر پاراخوتتەك بىزنى تار يەردىن چەكسىز بىپايان تۇرمۇش دېڭىزىغا ئاچىقىدۇ.

كېللېر

تۇرلۇك ئەخمىقانە ئىشلار ھەر كۈنى ئوقۇغان كىتابنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، مۇزنى خۇددى ئوتقا قاقلىغاندەك بارا - بارا ئېرىپ كېتىدۇ.

ھيۇگو

بىرىنچى خىلى (كىتابخان) خۇددى ۋاقىت ھېسابلايدىغان قۇمنىڭ ئېقىشىغا ئوخشىشىدۇ، كىتاب ئوقۇش خۇددى ئاققان قۇمغا ئوخشىشىدۇ، ئۆزلەشتۈرسەك، ئېسىگىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرىدا بىزەمۇ ئىز قالمايدۇ؛

ئىككىنچى خىلى (كىتابخان) خۇددى بۇلۇتتەك ھەممىنى سۈمۈرىدۇ، سىقىپ قويغاندا ئېقىپ چىققان نەرسە شۇ پېتى تۇرىدۇ، ھەتتا بىر ئاز مەينەت بولۇپ قالىدۇ؛

ئۈچىنچى خىلى (كىتابخان) خۇددى پۇرچاق بوتقىسى سۈزىدىغان خالتىدەك، بوتقىنىڭ ھەممىسى ئېقىپ كېتىدۇ، ئاخىرىدا پەقەت پۇرچاق تىرىپىلا قالىدۇ؛

تۆتىنچى خىلى (كىتابخان) ياقۇت كېنىدىكى ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچىلاردەك، داشقاللارنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ، ساپ ياقۇتنىلا ئىلغىۋالىدۇ.

كولبرىج

كىتاب بەزى كىشىلەرنى كەڭ بىلىمگە، كۆپ مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ، لېكىن ھەزىم قىلالمايدىغان بەزى كىشىلەرنى دەلدۈش قىلىپمۇ قويىدۇ.

پېتراركا

كىتاب ئوقۇش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىر يەرگە جەم بولۇپ، كىتاب بىلەن بىرىكىپ، ئاجايىپ بىر خىل تەسىر پەيدا قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇشقا ماھىر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى ئاشۇنداق ئىجادىي ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىر خىل سەنئەت پەللىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

**جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن**

كىتاب ھەققىدە ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆزلەر سان - ساناقسىز. روسىيە يازغۇچىسى گېرتسېننىڭ سۆزى بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىتابلار بىر ئەۋلادنىڭ يەنە بىر ئەۋلادقا قالدۇرغان مەنىۋى ۋەسىيىتى، ئۆمرى تۈگىگەن قېرىنىڭ ھاياتقا ئەمدىلا قەدەم قويۇشقا باشلىغان ياشلارغا نەسىھىتى. دەم ئېلىشقا ئاتلانغان قاراۋۇلنىڭ نۆۋەتچىلىكتە تۇرغان قاراۋۇلغا بەرگەن بۇيرۇقى. ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى كىتابلاردا رەتلىك ئىز قالدۇرىدۇ؛ ئىرق، ئىنسان ۋە دۆلەت يوقىلىدۇ، كىتاب

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدۇ. كىتاب ئىنسانلار بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەقىل - پاراسەتنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان بارلىق تەلىمات، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بارلىق قىزغىنلىق كىتابلاردا جەۋھەر بولۇپ شەكىللىنىدۇ، ئىنسانلارنىڭ قاتتىق ھاياجانلىق ئىچىدە ئۆتكەن كەچۈرمىشىنىڭ زور كۆلەمدىكى ئۆز تەرجىمىھالى، دېگەنلەر كىتابلاردا خاتىرىلىنىدۇ».

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

كىشىلەر كىتابلاردىن ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا توپلىغان بىلىملىرىنى تېز قوبۇل قىلىپ، ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؛ زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىنى بۆزۈپ تاشلاپ، دۇنياغا نەزەر تىكىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇن ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ؛ يەككە تەپەككۇر قىلىشتىن، يەككە خەۋەرلىشىش يوللىرىدىن خالىقىپ ئۆتۈپ، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدىن كۆپلىگەن ئۇچۇرغا ئىگە بولالايدۇ.

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

ئادەم كىتاب ئوقۇمىسا، ئىختىساسلىشىش يولىدا بىر پۈت بىلەن دىككوسلاپ ماڭغانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن



يەتتە ياشلىق بالىمۇ كىتاب ئوقۇيالايدۇ. ھالبۇكى، كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولۇش بىر ئىش، كىتاب ئوقۇشنى بىلىش يەنە باشقا بىر ئىش.

پېتراركا

كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا سەل قارالماسلىقى كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملار تەتقىقاتىدا مۇنداق بىر كۆزقاراش بار: بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ، دۇنيانى بىلىشكە باشلىغىنىدىن تارتىپ، مەكتەپكە كىرىپ كىتاب ئوقۇپ ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تاكى ئاز ـ تولا يېڭىلىق يارىتىشقىچە بولغان جەريانى خۇددى دېڭىز يۈزى نۆل گرادۇسلۇق بىلىم ئۆپۈق سىزىقىدىن ئۆرلەپ ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى پېشىۋالارنىڭ گەجگىسىگە چىقىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ، بالدۇرلا ي ارامىلىق كىشى بولۇپ يېتىشكەنلەر ئومۇمەن قىسقا مۇساپىلىك يول يۈرگەنلەر ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق كىشىلەر كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھازىرقى زاماندا بىلىم تېز توپلانماقتا ۋە كېڭەيمەكتە، كىتاب ئوقۇش ۋەزىپىسى كۈندىن ـ كۈنگە جاپالىق بولماقتا ۋە مۇرەككەپلەشمەكتە. كىمكى ئۇنۇملۇك كىتاب ئوقۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىۋالسا، شۇ كىشى كەسپىي ئىشلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا بالدۇر چىقىپ، ھەممىگە باشلامچى بولالايدۇ.

جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

بارلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئىجادچانلىق بىلەن تەتبىقلاش — كىتاب ئوقۇشنىڭ سەنئىتىنى ئىگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.



جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

كىتاب ئوقۇش بىر خىل سەنئەت، چۈنكى كىتابخانلار كىتاب ئوقۇغان چاغلىرىدا بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى پىكىر قىلىش ماھارىتىنىڭ قوماندىسى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ

كۆزىتىش ئىقتىدارى، دىققەت قىلىش ئىقتىدارى، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدا- رىنى ئىشقا سالىدۇ، كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى تەكشەپ ۋاقتىنى توغرا پىلانلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، سىزىم ئۇچۇرىنى چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، چوڭ مېڭە ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئادەم بىلەن كىتاب ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئۇنىۋېرسال ئۇنۇم پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىر خىل ئىجادىي ئەمگەك جەريانى ھېساب- لىنىدۇ.

جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

كىتاب ئوقۇش كۆز بىلەن چوڭ مېڭىنىڭ يېزىلغان ماتېرى- يالغا بولغان سېزىمى، ئۇنىڭ جەريانى سېزىش دائىرىسى، كۆزنىڭ يۈگۈرتۈلۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن چېتىلىدۇ. كىتاب ئو- قۇغان چاغدا، كۆز قارىچۇقى سۆزمۇ سۆز ئۇلاپ يورغىلاپ يۈرۈۋەر- مەيدۇ، بەلكى ھەمىشە توختاپ ـ توختاپ ئۆتىدۇ، بەزى سۆزنى ئوقۇپ كېلىپ تۇرۇۋېلىپ، يەنە كېيىنكى سۆزلەرگە ئۆتىدۇ.

جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇشنىڭ سىرى كۆز يۈگۈرتۈش قېتىم سانىنىڭ ئاز بولۇشى، ھەر قېتىمدا تۇتۇۋالغان سۆز سانىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە يېنىشلاپ كۆرۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا، كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەرنىڭ كۆز توختىتىش قېتىم سانى ئازراق بولىدۇ، ھەر قېتىم تۇتۇۋالىدىغان سۆز سانىمۇ ئاز بولىدۇ، يەنە كېلىپ قايتا ـ قايتا ياندۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

بەزىلەر ھەتتا بىر سۆز ۋە جۈملىنى ئوقۇشنى بىرلىك قىلىپ، بىر سۆز ۋە بىر بوغۇمدىن ئوقۇيدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۇنۇمى تەبىئىي تۆۋەن بولىدۇ.

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

بىر كىتابنى قولغا ئېلىپلا، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئوقۇۋېرىشكە ئالدىرىماي، ئاۋۋال يۈزەكى ھالدا بىر قۇر كۆز يۈرگۈزۈپ چىقىش كېرەك. كىتابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىغا بىر قۇر كۆز سېلىپ چىقىپ، مۇقەددىمە، كىرىش سۆز، مۇندەرىجە، قىستۇرما سۈرەت، جەدۋەل (سخېما)، سۈرەت ھەمدە ئىزاھات، پايدىلىنىش ماتېرىيال-لىرى ۋە خەت سىزىقى ئاچقۇچلىرىغا قاراپ، پۈتۈن كىتابقا نىسبەتەن دەسلەپكى تەسىرگە ئىگە بولۇش. بۇ چاغدا سىز قولىڭىزدىكى شۇ كىتابنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قانداق يېڭى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، دۇچ كېلىدىغان قانداق قىيىن نۇق-تىلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيسىز، كۆڭلىڭىزدە ئىدىتلىق سان بو-لىدۇ.

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن



ماكولېي مۇنداق دېگەنىدى: «كىتابنىڭ بىر بېتىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش بىر كىتابنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئوقۇپ چىققان-دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ».

جاك جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇغاندا، سەۋرچانلىق بىلەن

زېھىن قويۇپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىش، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم، ئەگەر كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەپچىل يولى بار، دەپ قارىساق، تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىسەن، ئوقۇپ تېگىگە يېتەلمىگەندە، كىتاب خۇددى بىرنەچچە قات نەرسىگە ئورىلىپ قالغاندەك بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ چىققىلى بولمايدۇ، بۈگۈن بىر قاتنى سويۇۋېتىپ، بىر قېتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز، ئەتە يەن بىر قاتنى ئېلىۋېتىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىمىز؛ قوۋزاقنى سويۇۋەتكەندە، ئەت كۆرۈنىدۇ، ئەتنى ئېلىۋەتكەندە، سۆڭەك كۆرۈنىدۇ. سۆڭەكنى چېقىۋەتكەندە، يىلىك كۆرۈنىدۇ، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

جاڭ جى: «كىتاب ئوقۇش سەنئىتى» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** كىتاب ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—401—5
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )